ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4

1999

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

13>

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر:

نىجات ئەھمەتجان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

ئوسمان مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەتلەر:

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان، ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت، تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى، رازىزاق مەتنىياز، شېرىن قۇربان، قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، كۇرەش مەھمۇتجان، مۇھەممەتيۇسۇپ ئۆمەر، نىجات ئەھمەتجان، ئوسمان مۇھەممەت، ئىبراھىم مۇتىئى.

1999 - يىللىق 4 - سان

(ئومۇمىي 80 - سان)

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ

地址:乌鲁木齐市胜利路 14 号

تېلېفون: 2927 - 2862753

پوچتا نومۇرى: 830046

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ

نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ، مۇشتىرى بولۇڭ

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادىيۇەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئاينۇر سادىق، مۇندەرىجىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مۇبارەك غوپۇر.

# بۇ ساندا

## سىياسىي ـ نەزەرىيە تەتقىقاتى

دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلار...... ...... ئابدۇۋەلى ھامۇت(1)
ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە ئۇنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ...... مۇسا روزى(9)

## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى

يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا...... ئابدۇكېرىم رەھمان(17)

## ئېتنوگرافىيە، كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى

گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (10 ـ ئالتاي ۋىلايىتى)...... مۇھەممەت ئوسمان(30)
ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان» ۋە شامان دىنى ...... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى(45)

## پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئىدىيىسى ھەققىدە ... تۇرسۇن ئەمەت(56)
ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا ...... تۇرسۇنىياز ساۋۇر(64)
يۇقىرى ساپالىق شەھەر ئاھالىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا......خاتىنز ئىبراھىم(73)

## تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر...... مۇھەممەت رەھىم سايىت(80)
شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدا ...... تۇرسۇن قۇربان(94)
تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا...... ...... ئابدۇشۈكۈر موللەك(104)
«گۈلىستان» ۋە «بوستان» توغرىسىدا ...... شېرىن قۇربان(108)

## قانۇنچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ...... غەيرەت نۇرەخمەت، ئالىم قادىر(117)
شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدا...... ...... غالىپ ئىسمائىل(125)
كىتاب بېزەكىنى لايىھىلەش ۋە كومپيۇتېر ...... ئەكبەر پەيزۇللا(133)
ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ...... (136)

**新疆大学学报**
（哲学社会科学维文版）

1999 年第 4 期
（总第 80 期）

# 目　　录

## 政治理论研究

邓小平哲学思想的特点和方法论原则 …………………………………… 阿布都外力・阿木提
论综合国力与增强综合国力的意义 ………………………………………………… 木沙・肉孜

## 名人研究

丝路文化的骄傲—伟大的医学家伊本・西纳 ……………………………… 阿布都克里木・热合曼

## 民俗学、古典文化研究

美丽的家乡—新疆(10、阿勒泰地区)…………………………………… 穆罕默德・乌斯曼
维吾尔民间叙事长诗《阿克乌兰拜尔迪汗》与萨满教 ……………………… 阿布都拜斯尔・秀库尔

## 哲学、经济学与城市文明研究

论中国哲学史中的天人思想 ……………………………………………………… 吐尔逊・艾买提
论欧元的产生及其对世界经济的影响 ……………………………… 吐尔逊尼亚孜・沙吾尔
论培养高素质城市市民的必要性 ………………………………………………… 汗克孜・伊布拉音

## 语言文学研究

《诸天使列传》的语言特点 …………………………………………… 穆罕默德热伊木・沙依提
论诗的魅力 ………………………………………………………………………… 吐尔逊・库尔班
论悲剧文学在中国当代文学中的地位 ……………………………… 阿布都秀库尔・毛来克
论《蔷薇园》和《果园》 ………………………………………………………………… 西仁・库尔班

## 法制与出版研究

论自治区少数民族夫妻财产制度的完善……………… 海来提・努热合买提,阿里木・卡德尔
论新疆吸食大麻犯罪的特点与禁毒措施 ……………………………………… 阿力甫・司马义
图书装帧设计与电脑 ………………………………………………………………… 艾克拜尔・派祖拉

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1999 - يىلى 12 - ئاي 20 - يىللىق 4 - سان
新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999年12月 第20卷第4期

# دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلار

ئابدۇۋەلى ھامۇت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلار ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文结合马克思主义哲学的一般原理,阅述邓小平哲学思想的特点及其方法论原则。

**Abstract:** This article expounds the characteristics of Deng Xiao ping's philosophical thinking and the principle of methodology by combining universal law of Marxist philosophy.

پەلسەپە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرى، پەلسەپىۋى ئۇقۇم، كاتېگورىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقىشنى يەلگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئادەتتە نەزەرىيىۋى پەلسەپە دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، پەلسەپىۋى قائىدىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشىنى يەلگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئادەتتە ھەرىكەت پەلسەپىسى ياكى ئەمەلىيەت پەلسەپىسى دېيىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا كېيىنكىسىگە مەنسۇپ. ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىگە قاراتتى. دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەشتە ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## I

دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچى ۋە مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرگە ۋەكىللىك

* ئابدۇۋەلى ھامۇت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

قىلىپ، شەكىللەنگەن ئۇلۇغ ئىجادىيەت بولۇش ئېتىبارى بىلەن، يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى نامايەن قىلغان. دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن رېئاللىق، دەۋرىيلىك ۋە ئىجاتچانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ باشتىن - ئاخىر ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بەردى. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، سۇبيېكتىپ خىيالنى چىقىش قىلىدىغان سۇبيېكتىۋىزمغا، ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىپ، قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان دوگماتىزمغا كەسكىن قارشى تۇردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتە، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە رېئال خەلقئارا مۇھىتنى ئاساس قىلدى. ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى بايانلىرى، ماۋزېدۇڭغا باھا بېرىش جەريانىدىكى نەتىجىلىرى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى، ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى بۇنداق خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تېخىمۇ رېئاللىققا ئىگە قىلغان.

ماركس «ھەر قانداق ھەقىقىي پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرىدۇر، مەدەنىيەتنىڭ جانلىق روھىدۇر» دەيدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىمۇ زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقى روھىنىڭ جەۋھىرى. تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان، زامانىۋى ھايات ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جانلىق روھىدۇر. ئۇ بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنى توغرا تونۇپ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە، بېكىنمىچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشكە يۈزلەنگەن تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىنى ياراتتى. دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنى دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادچانلىققا ئىگە بولالىدىكى، ئۇ ماركسىزمغا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل بىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، جۇڭگودەك ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان بىر دۆلەتتە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق مۇستەھكەملەش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە ئىلگىرىكى بارلىق تارىخىي تەجرىبىلەردىنمۇ ۋە ماركسىزمنىڭ ئەسلىدىكى نەزەرىيىۋى ئەندىزىسىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئاچتى. ھەممە مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش، پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىسلاھات بىر قېتىملىق ئىنقىلاب، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قول قاتتىق بولۇش قاتارلىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە قاراش ۋە مېتودولوگىيىگە ياتىدىغان، ئەمما ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كۆرۈلمىگەن يېڭى ھەم ئىجادىي ئىدىيىلەر بىلەن ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ئەمەلىيەت پەلسەپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ باشقا ھەر قانداق پەلسەپىگە ئوخشىمايدىغان ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى — ئەمەلىيەتچانلىقنى چەتكە قاقمىغان بەلكى ئۇنى گەۋدىلەندۈرگەن ۋە نامايەن

قىلغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رېئاللىققا، دەۋرچانلىققا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە بولۇشتەك ئۈچ ئالاھىدىلىكى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېتلىشىشى بولۇپ، ماركسىزم ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر تەرەققىياتىدىكى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەتقىق قىلىنىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە بەزىلەر دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئورنى ۋە كېلىش مەنبىيىنى خاتا ھالدا پراگماتىزم (سۈيئىستېمالچىلىق) دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرمىدى. ئەمەلىيەتتە، دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن پراگماتىزم بىر ـ بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان ۋە كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل نەزەرىيە ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدىكى سوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق ئېقىم پراگماتىزم XIX ئەسىردە ئامېرىكىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ھەقىقەت مەسىلىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزىرى «ئەسقاتىدىغىنى ھەقىقەت» دەپ قاراشتىن ئىبارەت. پراگماتىزمنىڭ ئاساسچىسى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ۋە ئىدىيالىزمچى پەيلاسوپ جېيمىس. ۋىلىيام (1842 ـ 1910) «ئەپلىك، پايدىلىق بولغان ۋە ئەمەلىي مەقسەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى نەرسە ھەقىقەت»①، «سەن ئۇ ئەسقاتىدۇ چۈنكى ئۇ ھەقىقەت دېسەڭ بولىدۇ. ئۇ، ھەقىقەت چۈنكى ئۇ ئەسقاتىدۇ دېسەڭمۇ بولىدۇ»② بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدىغىنى راستتۇر، دەپ قارايدۇ. پراگماتىزمنىڭ رۇسىيىدىكى ۋەكىلى بوگدانوپ «ھەقىقەت ئىدىيە شەكلى»، «ئىنسانىي تەجرىبىلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلى»، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە دەپ چۈشەندۈرسە، پراگماتىزمنىڭ جۇڭگودىكى ۋەكىلى خۇشى «ھەقىقەت ئەسلىدە كىشىلەر تەرىپىدىن كىشىلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ پايدىسى بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەقىقەت دەپ چىرايلىق نام بەرگەن»③ دەپ ھېسابلايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەيلى پراگماتىزم ياكى پراگماتىزمنىڭ ھەر قايسى ئەللەردىكى ۋەكىللىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى خاھىشى بىرلا يەنى «ئەپلىك، پايدىلىق، ئەسقاتىدىغان نەرسە ھەقىقەت» دەپ قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىر خىل خاتا پەلسەپىۋى ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، پراگماتىزم ئەسقېتىش بىلەن «راست» نى پايدىلىق ۋە كېرەكلىك بىلەن ھەقىقەتنى تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ ياكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دەرۋەقە ھەقىقەت ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ئەلۋەتتە ئەسقاتىدۇ، لېكىن ھەر قانداق ئەسقاتىدىغان نەرسە ھەقىقەت بولىۋەرمەيدۇ. يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق كازززاپلار ئۈچۈن ئەسقاتىدۇ. لېكىن ئۇ مەڭگۈ ھەقىقەت بولالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، مۇبادا ھەقىقەت پەقەت «ئىدىيە شەكلى»، «تەجرىبىنىڭ تەشكىلىي شەكلى» دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ يەنىلا ساپ سوبيېكتىپ ئاڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن بولىدۇ.

ئۇنداقتا بەزىلەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خاتا ۋە بىمەنە نۇقتىئىنەزەرنى دېڭ شياۋپىڭ

پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى دەپ قارايدۇ؟ ئۇلار بۇنىڭدا نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇلار بۇنىڭدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىدىن قۇسۇر تاپماقچى بولىدۇ. يەنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئۈچكە پايدىلىق» بولۇش نەزەرىيىسى ۋە ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك چاشقان تۇتسىلا ياخشى مۈشۈك دېگەن تەمسىلىنى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن بۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىدىكى دۆلەت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بارلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى، رېئال ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىسادى قالاق بولۇش بىلەن بىرگە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن. بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتتا تەرەققىيات نىشانىنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاجايىپ ئىجابىي روللارنى ئوينىدى. ئەپسۇسكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭدىكى «پايدىلىق بولۇش» دېگەن سۆزنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ، پراگماتىزمنىڭ ئۆزى، ئۇ پراگماتىزمنى مەنبە قىلغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشتى. روشەنكى بۇ توغرا ئەمەس. بۇ يەردىكى ئەڭ توپ مەسىلە كىمگە پايدىلىق بولۇش، نېمىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىدۇر. پراگماتىزم كىشىلەرنىڭ سوبيېكتىپ ئېھتىياجى ۋە سوبيېكتىپ ئارزۇسىنى دۇنيانىڭ ئاساسى ۋە كىشىلەر بىلىشىنىڭ مەنبىيى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ تەكىتلەۋاتقان پايدىلىق بولۇش ۋە كېرەكلىك بولۇشمۇ شەخسكە كېرەكلىك بولۇش ۋە شەخسكە پايدىلىق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچكە پايدىلىق بولۇش نەزەرىيىسى قانداقتۇ بىرەر شەخسنىڭ سوبيېكتىپ ئېھتىياجى ياكى سوبيېكتىپ ئارزۇسىنى ئاساس قىلغان بولماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ توپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى ۋە نىشانى ئۇنىڭ مەقسىدى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، بەلكى بۇ نىشان ۋە مەقسەت ئاخىرقى ھېسابتا ئورتاق ھالدا جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئەمدى «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك چاشقان تۇتسا ياخشى مۈشۈك» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئەسلىدە، سىچۈەن خەلقى ئارىسىدا تارقالغان بىر تەمسىل بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭ ئۇنى ئالاھىدە كونكرېت شارائىتتا تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى زورمۇ ـ زور پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پراگماتىزمنى مەنبە قىلغان دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆزىمۇ، بۇ مەسىلىگە «مەن بۇ سۆزنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا قارىتا ئېيتقان»④ دەپ جاۋاب بەرگەن. دېڭ شياۋپىڭ بىر ئۆمۈر ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدەندى، رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاندى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنى، كۈچىنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىگە قاراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا جۇڭگونىڭ

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يارىتالىدى. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى يەنى ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش كېرەك.

## II

دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە مېتودولوگىيىلىك قائىدىلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش — دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ مېتودولوگىيە ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ «خىزمەت ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش بۇمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي مەسىلە. بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشتە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. خىزمەت ئۇسۇلىنى ھامان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش»⑤ كېرەك دەيدۇ. روشەنكى دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش جەريانىدا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە ۋە ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇ خىزمەتلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇب بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خىزمەت ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ «ئىتتىپاقلىق — تەنقىد ـ ئىتتىپاقلىق»، «تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد»، ئاممىۋى لۇشيەندىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق مېتودولوگىيە جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، يېڭى تارىخىي شارائىتتا زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىچە خىزمەت ئۇسۇلى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆپ قېتىم شەرھلىدى ۋە تەشەببۇس قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ پۈتكۈل ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كۆرۈلمىگەن، ئەمما جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان بەزى ئۆلمەس مېتودولوگىيىلىك قائىدىلەرنى ياراتتى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىدى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش مېتودولوگىيىسى. بۇ دېڭ شياۋپىڭ 1979 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇندىن بۇيان ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل، ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا ۋە ھەل قىلغاندا ئاساسىي زىددىيەتنىمۇ تۇتۇش، ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتنىمۇ تۇتۇش، مۇئەييەن بىر كونكرېت زىددىيەتنى مۇھاكىمە قىلغاندا ۋە ھەل قىلغاندا، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنىمۇ، ئاساس بولمىغان تەرىپىنىمۇ تەڭ تۇتۇش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىنىمۇ ۋە سەلبىي تەرىپىنىمۇ

تەرىپىنمۇ تۇتۇشتىن ئىبارەت «ئىككى نۇقتىچىلىق» نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى تەدبىقلىنىشى ۋە جارىي قىلدۇرۇلىشى بولۇپ، ئۇ بىر قولدا ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ھەر خىل جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا دېموكراتىيىنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇش، بىر قولدا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا چىرىكلىككە ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ ئىككى قولدا تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، يەنە ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى تەكىتلىدى. بۇ بىر تەرەپتىن ئەمەلىي خىزمەتتىكى تۇتقاندا تۇتۇپ، تۇتمىغاندا كارى بولمايدىغان، بىرىنى تۇتسا يەنە بىرىنى تۇتمايدىغان ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئوڭايلا «ئوڭ» ياكى «سول» غا ئېغىپ كېتىدىغان خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىجابىي رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قول قاتتىق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، ئىككى قولدا تۇتۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تولۇقلىنىشى بولغاچقا، بۇ ئىككى نۇقتا بىرلىشىپ پۇختا ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيىنى شەكىللەندۈردى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەمەلىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ مېتودولوگىيە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئوتتۇرىلۇق روللارنى ئوينىدى ۋە ئىجابىي ئۈنۈم ياراتتى.

ئىككىنچى، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش مېتودولوگىيىسى. دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى» دېگەن ئەسىرىدە «ھازىرقى دۇنيا ـئوچۇق دۇنيا، جۇڭگو غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سانائەت ئىنقىلابىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى، بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى بېكىنمىچىلىك بولدى»[6] دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە يۈزلىنىش» جۇڭگونىڭ دەل ئەنە شۇ خىل قاتمال، كونسىرۋاتىپ ۋە بېكىنمىچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەندە، تار مەھكىمىچىلىك ۋە ئەتەنىۋى ئىدىيىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيا دائىرىسىدىن، زامانىۋىلىشىشتىن ۋە يىراق كەلگۈسىدىن مەسىلىلەرنى ئويلىشىش ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى ئەينەك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، خەلقئارا رىقابەت ئېڭىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە يۈزلىنىش» ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مېتودولوگىيە مەسىلىسىدۇر.

ئۈچىنچى، «بالداقسىمان» تەرەققىيات مېتودولوگىيىسى. دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزدە

سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ھەر بىر قانچە يىلدا خەلق ئىگىلىكىدە بىر يېڭى بالداق ئۆرلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى بىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر. شۇنداقلا ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مېتودولوگىيە. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنىڭ نەتىجىسى. ھالبۇكى بۇ خىل ئامىللار ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. يەن – تېخنىكىدا يېڭى بۆسۈشنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا تەدبىقلىنىشى، چەتئەل مەبلىغىنىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشى، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى قاتارلىقلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا چوڭ سەكرەش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە تۈرلۈك شارائىتلارنىڭ يار بەرمەسلىكى ۋە ھەر قايسى ئامىللارنىڭ ماس قەدەمدە يېتىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا سۈرئەتنىڭ ئاستىلاپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانى ھەرگىزمۇ تۈز سىزىق بويىچە بولمايدۇ. بەلكى ئۇمۇ باشقا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ھالىتىگە ئوخشاش دولقۇنسىمان ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىنى ھاسىل قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بالداقسىمان» تەرەققىيات مېتودولوگىيىسى دەل ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى كونكرېت جەريانلارنى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىگە دائىر مەسىلىلەرنى توغرا يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ بالداقسىمان تەرەققىيات مېتودولوگىيىسى يەنە يۇكسەك ئىنجابىيلىققا ۋە كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ئىنجابىي ئىلمىيلىقى شۇ يەردىكى: بىرىنچىدىن، ئۇ تارىختىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە ئوخشىمايدۇ. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە ئىرادىچىلىك نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىنمىغان، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلمىغان، ھالبۇكى «بالداقسىمان» تەرەققىيات مېتودولوگىيىسى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ۋە بۈگۈنكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بالداقسىمان» تەرەققىيات مېتودولوگىيىسى سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. يەنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە ئۆرلەشتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرى سۈرئەتنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بەلكى پۇختا ئىشلەش ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش شەرتى ئاستىدا، تېز سۈرئەتتە ساغلام راۋاجلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، دېڭ شياۋپىڭ «بالداقسىمان» تەرەققىيات مېتودولوگىيىسىنىڭ ئىنجابىي، ئىلمىيلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى تەكىتلەش، مەسئۇلىيەتنى مەخسۇسلاشتۇرۇش مېتودولوگىيىسى. رەھبەرلىك — تۆۋەندىكىلەرنى قىزغىنلىق ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيدىغان ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت. شۇنداقلا باشقىلارنى مۇئەييەن نىشانغا ئىنتىلىشكە قايىل قىلىدىغان بىر خىل قابىلىيەت. ھالبۇكى بۈگۈنكى مەدەنىي جەمئىيەتلەردە، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قوروش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتقان مەملىكىتىمىزدە، باشقۇرۇش قابىلىيىتى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئۇنىۋېرسال خىزمەت ئۇسۇلى ۋە مېتودولوگىيىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ خىل ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەھبەرلىك خىزمىتىدە كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، مەسئۇلىيەتنى مەخسۇسلاشتۇرۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەر قايسى قاتلام رەھبەرلىك ئورۇنلىرى ۋە ھەر بىر رەھبىرىي كادىرغا باب كېلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مېتودولوگىيىلىك ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى: بىرىنچىدىن، ئۇ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشنى قەتئىي كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خاتالىقلارنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خىزمەتلەرنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنىڭ ئېنىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر بىر كادىرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەك، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە مېتودولوگىيىلىك قائىدىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قائىدىلەر ئۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش قاتارلىق زور پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان.

## ئىزاھاتلار


① «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 319 ـ بەت.

②③ «ماركسىزملىق پەلسەپە»، مائارىپ نەشرىياتى نەشرى، 324 ـ بەت.

④ «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە مەخسۇس لىكسىيە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.

⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 2 ـ توم، 610 ـ بەت.

⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» مىللەتلەر نەشرىياتى 3 ـ توم، 130 ـ، 131 ـ بەتلەر.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئوسمان مۇھەممەت

1999 - يىلى 12 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    20 - يىللىق 4 - سان
第20卷第4期　　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　　1999年12月

# ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە ئۇنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

مۇسا روزى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ تەبىرى ۋە ئامىللىرى، ئىدىيىۋى مەنبەسى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى مۆلچەرلەش ۋە ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرى ھەم ئۇنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文讨论综合国力的定义、要素、思想来源,评估和分析综合国力的方法以及增强综合国力的意义。

**Abstract**: This article gives a brief discussion on the definition, essential factor and source of thought of comprehensive national power It also evaluates and analyses the methods of comprehensive national power and the meaning of strengthening comprehensive national power.

## 1. ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ تەبىرى ۋە تەركىبى

ئېگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ دۇنيا سىياسىي، ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل، ئاساسلىقى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدىن ئىبارەت.

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى دېگىنىمىز، بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتە رولىنى جارىي قىلدۇرىدىغان پۈتۈن ئەمەلىي كۈچى ئارقىلىق خەلقئارادىكى باشقا ھەرىكەت سوبيېكتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قوللىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئەركىنلىك دەرىجىسى ۋە تەسىر كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى كۆپ خىل ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى بېكىتىشتە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى چوڭ ئامىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىرى، ماددىي ئامىللار بولۇپ، بۇ جۇغراپىيىلىك شارائىتى (مەسىلەن، جايلاشقان ئورنى، يەر كۆلىمى، كلىماتى، يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلار)، نوپۇسى (مەسىلەن، نوپۇسنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش

* مۇسا روزى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

خاراكتېرىدىكى نوپۇسنىڭ نىسبىتى، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى، نوپۇسنىڭ زىچلىقى قاتارلىقلار)، تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى، پەن ـ تېخنىكا كۈچى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، ھەربىي كۈچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، مەنىۋى ئامىللار بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ساپاسى، ئىرادىسى، روھى، ھۆكۈمەت كۈچى (مەسىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەش ئىقتىدارى، ئاخبارات توپلاش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارى قاتارلىقلار)، سىياسىي تۈزۈمى (مەسىلەن، جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت، دىن، ئىدېئولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ دەرىجىسى، جامائەتنىڭ پوزىتسىيىسى، سىياسىي رەھبەرلىرى، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، تەجرىبىسى، قىممەت قارىشى، تەن سالامەتلىكى، ئەقلىي كۈچى، بىلىم ۋە ماھارىتى قاتارلىقلار)، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلقئارادىكى ئابرۇيى، تاشقى قىسمىغا بېقىنىشى ۋە تاشقى قىسمىنىڭ قوللىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنىڭ بىرىنچىسىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ، ئەمما كېيىنكىسىنى ھېسابلىماق تەس. بىز بۇ ئىككى چوڭ ئامىلنى ماددى ئامىللار ۋە مەنىۋى ئامىللار دەپ ئاتىدۇق، بەزى ئەسەرلەردە بىرىنچىسى شەكىللىك ماددىي ئامىللار، ئىككىنچىسى شەكىلسىز ماددىي ئامىللار دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر بىرىنچىسىنى قاتتىق دۆلەت كۈچى، كېيىنكىسىنى يۇمشاق دۆلەت كۈچى دەپمۇ ئاتاۋاتىدۇ. قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى ياكى ئوخشاش ئامىللىرى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

دېمەك، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكى، ماددىي ئامىللار بىلەن مەنىۋى ئامىللارنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى تەرەپنى، ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى ھەر قايسى ئامىللارنى دەۋر تەلىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل يۈرگۈزگەندىلا، بىر دۆلەتنىڭ كۈچىگە قارىتا بىر قەدەر ئىلمىي، توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ماددىي كۈچ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. لېكىن، بەزى ئەھۋاللاردا مەنىۋى كۈچىنىڭ مۇھىم رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەتتا بىر تۈردىكى ئامىللار ئىچىدىكى مەلۇم ئامىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋر شارائىتىدىكى رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلۇق، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ماددىي ئامىللىرى ئىچىدىكى ھەربىي كۈچ باشتىن ـ ئاخىر خەلقئارادىكى كۈچ سىنىشىشنىڭ پېشكىسى ئىدى. 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ گۈللىنىشى پەن ـ تېخنىكىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ھاياتىي كۈچلۈك رولىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. كەلگۈسىدىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بۇنى تېخىمۇ نامايەن قىلىدۇ. «بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېلىشىشى، ئۇنىڭدا يېڭىش ـ يېڭىلىش پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق»①.

## 2. «ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى» نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى مەملىكىتىمىزدىكى ۋە

چەتئەللەردىكى تارىخىي مەنبەلەردىن تاپقىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئاپىرىدە بولغان ھەربىي كىتاب «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار قانۇنى» دا، سۇن ۋۇ مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل ـ بەش شەرتتىن ئىبارەت. بۇلار «1 ـ سىياسىي، 2 ـ ھاۋا شارائىتى، 3 ـ يەر شارائىتى، 4 ـ قوماندانلار، 5 ـ قانۇن ـ تۈزۈم»②. «قايسى تەرەپتىكى پادىشاھنىڭ سىياستى ئاقىلانە؟ قايسى تەرەپتىكى قوماندانىنىڭ قوماندانلىق قابىلىيىتى ئۈستۈن؟ ھاۋا شارائىتى ۋە يەر شارائىتى قايسى تەرەپكە پايدىلىق؟ قايسى تەرەپنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدۇ؟ قايسى تەرەپنىڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈكرەك؟ ......... مۇشۇلارغا قاراپ، كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلالايمىز» ③. «ئەمەلىي كۈچى دۈشمەنىنىڭكىدىن ئاجىز بولسا، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم»④ ۋەھاكازالار. بۇلاردا دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى توغرىسىدىكى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەمدى بىز ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى توغرىسىدىكى ئىدىيىنىڭ مەنبەسىنى قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ يېقىنقى زاماندىن ئىزدەپ كۆرەيلى.

دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە غەرب ئەللىرىدە يېقىنقى زاماندا رەسمىي رويابقا چىققان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا غەرب سىياسىئونلىرى «دۆلەت كۈچى، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى» دېگەن ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1898 ـ يىلى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىچىسى ئالفىرېد. ماخان دۇنياغا مەشھۇر «دېڭىز ھوقۇقىنىڭ تارىختىكى تەسىرى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: بىر دۆلەتنىڭ دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇشقا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېڭىز ھوقۇقى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى. دېڭىزنى تېزگىنلەش ئۈچۈن ئالتە تۈرلۈك شارائىت بولۇشى كېرەك. بۇلار جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي مۇھىت، زېمىن، نوپۇس، مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە ھۆكۈمەت مېخانىزمى. بۇ يەكۈن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا سىناقتىن ئۆتۈپ، غەربنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

XX ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈستىدىكى تەتقىقات پەيدىنپەي نەزەرىيىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى. بۇنىڭدا، ئامېرىكىلىق ھەربىي نەزەرىيىچى لىدىل. خارتنىڭ نەزەرىيىسى ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە. ئۇ ئالدى بىلەن «چوڭ ئىستراتېگىيە ئۇقۇمى» نى ئىجاد قىلدى. ئۇ مۇنداق ھېسابلىدى: «چوڭ ئىستراتېگىيە ياكى يۇقىرى ئىستراتېگىيىنىڭ ۋەزىپىسى، بىر ياكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ بارلىق بايلىقلىرىنى تېزگىنلەپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇشنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەت دەل تۈپ سىياسەت، يەنى دۆلەتنىڭ سىياستى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»⑤ ھەربىي كۈچ چوڭ ئىستراتېگىيە ئىلكىدىكى ھەر خىل قوراللارنىڭ بىر خىلى. «چوڭ ئىستراتېگىيە» نەزەرىيىتىنىڭ ماھىيىتى، دۆلەتنىڭ ھەر خىل كۈچلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىپ، دۆلەتنىڭ سىياستى بەلگىلىگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ لىدىل. خارتنىڭ ھەربىي كۈچكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، باشقا كۈچلەرگىمۇ، دۆلەتنىڭ سىياستى، مالىيىسى، دىپلوماتىيىسى، مىللەت ساپاسى، ئىدىيىۋى ئەقىدىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى ئامىللارغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى. دېمەك، ئۇ ماخاننىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئىدىيىسىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتە تېخىمۇ تولۇقلىدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربتە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئامېرىكىلىق ئالىم خانس. مورگىن 1948 ـ يىلى «خەلقئارا سىياسى، ھوقۇق ۋە تېنچلىق» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇرۇنقى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، يېقىنقى زاماندىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈرلۈك ئامىللارنى ئەتراپلىق يىغىنچاقلىدى. ئۇ مۇنداق قارىدى: خەلقئارا سىياسىي تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى. ھەر قايسى ئەللەر ئۆز مەنپەئەتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى. ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى جۇغراپىيىلىك ئامىل، تەبىئىي بايلىق، سانائەت ئەمەلىي كۈچى، ھەربىي ھازىرلىقلار، نوپۇس، مىللىي خاراكتېر، خەلق رايى، دىپلوماتىيە ساپاسى، ھۆكۈمەتنىڭ ساپاسىدىن ئىبارەت توققۇز ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ دەپ قارىدى. خانس. مورگىن رېئالىزملىق مەيداننى چىقىش قىلىپ، غەيرىي ھەربىي ئامىللارنىڭ دۆلەت كۈچىدىكى رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ بۇ ئامىللار ھەربىي ئامىلنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى دەپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى.

1964 ـ يىلى زامانىمىزدىكى مەشھۇر خەلقئارا سىياسەتچى جوسېف. فرانكىل «خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نوپۇس، يەر شارائىتى، ئىقتىساد، سىياسىي تەشكىلاتلار، ھەربىي تەشكىلاتلار، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار، خەلقئارادىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن قاتارلىق ئالتە مۇھىم ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ دەپ قارىدى. جوسىف . فرانكىلنىڭ نەزەرىيىسىنى ئەنئەنىۋى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي، مەنىۋى ھالەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە بولغان تەسىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى رولى تەكىتلەنگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى غەربتىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، غەرب ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى غەربنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى نوپۇس سانى، زېمىن، ھەربىي كۈچ قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئاساسىي ئامىللارغا ئەھمىيەت بەرگەن. كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئاساسلىقى ھەربىي كۈچ دەپ قارىغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇش ۋە يەن ـ تېخنىكا ئەھۋالى بىلەن بىۋاسىتە، مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭا، غەربنىڭ بۇ دەۋردىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى روشەن تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە.

«دېڭىز ھوقۇقى نەزەرىيىسى» دىن باشلاپ «چوڭ ئىستراتېگىيە نەزەرىيىسى»، «ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى نەزەرىيىسى» گىچە تەرەققىيات جەريانىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، غەربتىكى تەتقىقات نوقۇل ھەربىي كۈچكە ئەھمىيەت بېرىش خاھىشىدىن تەدرىجىي كۆپ خىل غەيرىي ھەربىي ئامىللارنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدىكى ماددىي ئامىللار ۋە مەنىۋى ئامىللارنىڭ خەلقئارا سىياسىدىكى ئۇنىۋېرسال

روۋلى تەكىتلەنگەن.

## 3. ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى مۆلچەرلەش ۋە سېلىشتۇرما ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرى

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى مۆلچەرلەش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشنى سانى، سۈپىتى، قۇرۇلمىسى، ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ئادەتتە، سۈپەت ۋە مىقدار تەھلىلى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ماددىي كۈچنى ھېسابلىغاندا، سانلاشقان كۆرسەتكۈچ قوللىنىلىدۇ. مەنىۋى كۈچنى مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ نومۇر قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق مۆلچەرلىنىدۇ ۋە تەھلىل قىلىنىدۇ.

نۇرغۇن ئالىملار ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ھەر قايسى ئامىللىرىغا سان كۆرسەتكۈچى بېكىتىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ماتېماتىكىلىق تەڭلىمە ئارقىلىق مۆلچەرلەيدۇ ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات قىلىدۇ.

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى مۆلچەرلەشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئەندىزىسى بار.

1) ئامېرىكىلىق خەلقئارا مۇناسىۋەتشۇناس كلېئىن فورمۇلىسى — دۆلەت كۈچى تەڭلىمىسى. كلېئىن 1975 ـ يىلى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى ھوقۇقا بېرىلگەن باھا» دېگەن كىتابىدا $P_p=(C+E+M)\times(S+W)$ فورمۇلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىكى $P_p$ ئېتىراپ قىلىنىدىغان ھوقۇق (دۆلەت كۈچى) نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ماددىي ئامىل $(C+E+M)$ بىلەن مەنىۋى ئامىل $(S+W)$ نىڭ كۆپەيتمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. C نوپۇس ۋە زېمىندىن تەركىب تاپقان ئاساسىي گەۋدىنى، E ئىقتىسادىي كۈچنى، M ھەربىي كۈچنى، S ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى، W دۆلەت ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىرادىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت كۈچىنى ھېسابلىغاندا، ھەر بىر ئامىلنىڭ ھەر بىر تەركىبىگە، تارماق ئامىللىرىغا ئايرىم نومۇر بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ماددىي ئامىلغىلا 50 كۆرسەتكۈچ بېكىتىلگەن. بەزى تارماق ئامىللارغا تۆت كۆرسەتكۈچ، بەزىسىگە بەش كۆرسەتكۈچ بېكىتىلگەن. مىسال ئېلىپ كۆرسەك: (1) ئاساسىي گەۋدە (C): نوپۇسى 200 مىليوندىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 50، يەر كۆلىمى سەككىز مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولسا ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 50، بۇ تۈرنىڭ تولۇق نومۇرى 100 بولىدۇ. (2) ئىقتىسادىي كۈچ (E): مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئۆلچەم قىلىپ ھېسابلاپ، بۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان بولسا 100 نومۇر بېرىلىدۇ، يەنە خەلق ئىگىلىكىدىكى بەش ئاساسلىق تۈر (سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىقلار) گە 20 دىن 100 نومۇر بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ E نىڭ تولۇق نومۇرى 200 بولىدۇ. (3) ھەربىي ئامىل (M): بىر دۆلەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك كۈچ بىلەن مۇنتىزىم كۈچلەرگە 100 دىن جەمئىي 200 نومۇر بېرىلىدۇ. (4) ئىستراتېگىيىلىك نىشان (S): كوئېففىتسىېنتى 1 قىلىپ بېكىتىلگەن. ئادەتتىكى دۆلەتلەر 5.0 ـ 1 ئارىلىقىدىكى قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ. (5) ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىرادە (W): بۇنىڭ كوئېففىتسىېنتى 1 قىلىپ بېكىتىلگەن. ئادەتتىكى دۆلەتلەرمۇ 5.0 ـ 1 ئارىلىقىدىكى قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ. كلېئىن مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق 77 دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال

كۈچىنى مۆلچەرلەپ چىققانىدى. بۇ باشقا ئەللەردىمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

2) ۋىلىيام. فوكس ئادەتتىكى تەبىئىي پەن ئۇسۇلىغا تايىنىپ ئاساسىي ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى نوپۇس، پولات مەھسۇلاتى ۋە قۇۋۋەت مەنبەسى مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت ئۈچ كۆرسەتكۈچكە قىسقارتىپ، سىرتقا سۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ھاسىلە فورمۇلىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۆلەت فورمۇلىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ مەلۇم يىلدىكى دۆلەت كۈچى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۆلچەرلەش تەڭلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى:

(قۇۋۋەت مەنبەسى مەھسۇلاتى + پولات مەھسۇلاتى) $\frac{1}{2}$ = دۆلەت كۈچى كۆرسەتكۈچى

فوكس بۇ تەڭلىمە ئارقىلىق ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت كۈچى ئۈستىدە ھېسابلاش ئېلىپ بېرىپ جۇڭگو تېز سۈرئەتتە دۇنيادىكى بىرىنچى نومۇرلۇق دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، 21 ـ ئەسىر جۇڭگو ئەسىرى بولىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

3) كوكس ۋە جېكاسۇنلار مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، نوپۇس، يادرو كۈچى، خەلقئارا ئابرويى قاتارلىق بەش تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى تاللاپ، كاۋۇل زېمىن (كۆلىمـــــى)، نوپۇس، پولات مەھسۇلاتى مىقدارى، ئۆلچەملىك ئېنېرگىيە ئىستېمال مىقدارى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ھەربىي كۈچى قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى تاللاپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالاھىدە بېكىتىلگەن يىللارنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ھېسابلاپ چىقتى.

4) ياپونىيىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئورنى بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۈچ چوڭ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ دەپ قارايدۇ: (1) خەلقئاراغا تۆھپە قوشۇش ئىقتىدارى: بۇ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پۇل مۇئامىلە ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، مالىيە ئەمەلىي كۈچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) ياشاش ئىقتىدارى: بۇ جۇغراپىيىلىك ئامىل، نوپۇس، بايلىق، مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچى، مىللىي ئاڭ، چەتئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ۋە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) مەجبۇرلاش ئىقتىدارى: بۇ ھەربىي ئەمەلىي كۈچى، ئىستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالار، دىپلوماتىيە ئەمەلىي كۈچـــى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئالاھازەل 100 كۆرسەتكۈچ بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىپ دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ھېسابلاپ چىقىلىدۇ ۋە مۆلچەرلىنىدۇ.

5) جۇڭگو ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى خۇاڭ شوفېڭ سىستېما نەزەرىيىسى ۋە دىنامىكا قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى، ياشاش ئىقتىدارى، تەرەققىيات ئىقتىدارى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئورگانىك بىرلىكى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ھالەت تەڭلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ غەيرىي سىزىقلىق دىففېرېنسىئال تەڭلىمىنى ئاساسىي تەڭلىمە قىلغان ۋە 30 دىن ئارتۇق تارماق تەڭلىمىدىن تەركىب تاپقان تەڭلىمە بولۇپ، 150 چە كۆرسەتكۈچكە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭدا قاتتىق دېتاللار (ماددىي ئامىللار) كۆرسەتكۈچلەشتۈرۈلىدۇ. يۇمشاق دېتاللار (مەنىۋى ۋە ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى) نى مۇتەخەسسىسلەر نومۇر قويۇپ باھالايدۇ. ماسلاشتۇرۇش كوئېففىتسېنتـــى (دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشى قاتارلىق ئامىللار) ۋەزىنلىك كوئېففىتسېنتتىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇنىمۇ مۇتەخەسسىسلەر نومۇر قـويۇپ بـاھـالايـدۇ. ئۇ 1986 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى ئاساسلـــق دۆلەتلەرنـــڭ

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ھېسابلاپ چىققاندى.

6) خۇبېي ئۆلكىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىكى يۇخۇڭيى قاتارلىقلار ھازىرقى زامان پەن مېتودولوگىيىسى ـ سىممېترىيىلىك قاتارلىقلارنى نەزەرىيىۋى ئۇل قىلىپ، ھالەت سىستېمىسىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىقتىدارى، كۆلىمى، قۇرۇلمىسى، سەۋىيىسىدىن تەركىب تاپىدىغان تۆت ئۆلچەملىك ۋېكتوردىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئۆلچەش ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ھېسابلاپ چىقتى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرىقى دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى ۋە ئەندىزىلىرى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ رەت تەرتىپى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. ھېسابلاشلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، جۇڭگو، گېرمانىيىلەرنىڭ رەت تەرتىپى ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر تۇرىدۇ. بۇ ھېسابلاشلاردا مۇئەييەن مۇۋاپىقلىق ۋە پايدىلىنىش قىممىتى بار. لېكىن، بۇلارمۇ مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە. دۆلەت كۈچى نۇرغۇنلىغان كۆرگىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنى كىشىلەرنىڭ تولۇق مۆلچەرلەپ كېتىشى تەس. سانلاشقان كۆرسەتكۈچلەرنىڭمۇ چەكلىمىلىكى بار. مۆلچەرلەشتە سوبيېكتىپلىق يۈز بېرىپ بەزى ئېغىشلارمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، مەنىۋى ئامىللارغا ئوبيېكتىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنى تېپىش ناھايىتى تەس. نەتىجىدە ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ كۈچىگە بېرىلگەن باھا ھەر خىل بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇسۇللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك. ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

## 4 . ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى دۆلەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئورنى، خەلقئارادىكى رولى، خەلقئاراغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە. شۇڭلاشقا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى كۆتىرىمەن دەيدىكەن، ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ـ ئاجىزلىشىشى، گۈللىنىشى ـ خارابلىششى ياكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئەھۋالى، شۇ د لەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلاردىكى رولى ۋە تەسىر كۈچىنى بەلگىلەيد . خەلقئارادىكى تىنچلىق، تەرەققىيات مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئاشقانلىقتىن، خەلقئارا ئىشلاردا، كۈنسېرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا. بولۇپمۇ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى بەش ئەزا دۆلەتنىڭ بىرى، 3 ـ دۇنيا ئەللىرى ئىچىدە خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى بىردىنبىر دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ ب د ت دىكى تەسىرى ۋە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ زومىگەرلىك سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، 3 ـ دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقى. ب د ت يىغىنلىرىدا كەسكىن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ تۈپ، ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى. دۆلەت مەنپەئەتى ئىچكى مەنپەئەت ۋە تاشقى مەنپەئەت قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ. ھەر قانداق دۆلەتنىڭ سىرتقا قارىتىلغان ھەرىكىتى ئاساسەن مۇئەييەن مەنپەئەت ئاساسىدىكى تاشقى ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە، ھەربىي ئىستراتېگىيە، تىنچلىق ئىستراتېگىيىسى، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيىسى قاتارلىق ئىستراتېگىيىلەردە ئىستراتېگىيىلىك نىشان بولىدۇ. دۆلەت مەنپەئەتى دۆلەتنىڭ تاشقى پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. مەيلى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى، مەيلى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى، مەيلى سىياسىي مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بولمىسۇن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ئايرىلغان ھالدا دۆلەت مەنپەئەتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتنىڭ تاشقى ئىستراتېگىيىسى ئۇ دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن، خەلقئارا كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى بىلەن ماسلاشمىسا بولمايدۇ. ھەرىكەت قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ھوقۇقى (ئەمەلىي كۈچى) قانچە چوڭ بولسا، ئالىدىغان مەنپەئەتمۇ زور بولىدۇ. مەنپەئەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئەمەلىي كۈچ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بولسۇن ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان مۇھىم ئىش. ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئومۇمىي مەنپەئەتىمىز، دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش ئۆلچىمى» بىزدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى ئورنىتىلىۋاتقان، كونا يېڭى ئەندىزە ئالمىشىپ، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا شەكىللىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بارچە كۈچىمىز ۋە ئەقىل - ئىدراكىمىز بىلەن ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۇنيادا ئورنى، رولى، تەسىرى بار، ئۆز نېسىۋىسى ۋە مەنپەئەتىگە ئېرىشەلەيدىغان، شۇ ئاساستا دۇنيا تىنچلىقى ۋە رايون مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلىنىشىمىز لازىم.

## ئىزاھاتلار

① «21 - ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلاش خىتابنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 348 - بەت.

②③④ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار قانۇنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 -، 30 -، 36 - بەتلەر.

⑤ لىدىل. خارت: «چوڭ ئىستراتېگىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 449 - بەت.

⑥ جىن يىڭجوڭ: «خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيىسىگە دائىر سېلىشتۇرما تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى نەشرى، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 130 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(پوچتا نومۇرى: 830046)
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئوسمان مۇھەممەت

# يېپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا


ئابدۇكېرىم رەھمان*



قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنانىڭ تارىخىي ۋە دۇنياۋى شۆھرىتى، ئۇنىڭ بارلىقنى ئىلىمگە بېغىشلاش، ھايات مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق چۈشىنىش ۋە تەبىئەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئىلمىي نۇقتىدىن چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

**摘要**:本文从科学的角度,深入阐述伟大的医学家伊本・西纳的生平及其世界性的声誉,他对科学的贡献,对生命真谛的认识以及他热爱自然、热爱人类的思想。

**Abstract**: This article expounds the great medical scholar Hibin Sira's life storyfrom scientific point, his reputation in the world; his contribution to science, his recognition for the true meaning of life and his thought of loving nature and mankind.


«ئەگەر بوقرات بىلەن جالىنوس تىرىلىپ قالسا،
ئۇنىڭ كىتابلىرى ئالدىدا سەجدە قىلاتتى»
— نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى

پۈتكۈل كائىنات — بۇ مۆجىزىدار زېمىن ئەلمىساقتىن تارتىپ دېگۈدەك دولقۇنلىنىپ كەلگەن بىر - بىرىگە مىڭگەشكەن يىل قەسىرلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن چەكلىك ئاز بىر قىسمىلا خاسىيەتلىك جەزبىدارلىقى بىلەن مۇقەددەس سالنامە سۈپىتىدە تارىخنىڭ ئۆلمەس ئېتىقىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئېقىن يەنە نەچچە ئون ئەسىردە بىر تۇرلىنىپ، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىجادكارلىرى بىلەن ئالەم تارىخىنىڭ پەخىرلىك سەھىپىسىنى ئاچقان. بۇ سەھىپىدە ئۆتمۈشنىڭ ئىلىم مۇئەككەللىرى ئىختىراسىدىكى قايتا تەكرارلانمايدىغان ئەقىل دۇردانىلىرى دەۋرنى جۇلالاندۇرۇپ، تارىخ بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان. مىڭ يىللاردىن بېرى كۆندىلىك ھاياتىمىزدا بىزدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلماي قەلب تۆرىمىزدە مەڭگۈ ياشاپ كېلىۋاتقان ئىلىم مۇئەككەللىرىدىن بىرى

---

* ئابدۇكېرىم رەھمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنادۇر.

«ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېچىش» يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن شەرقنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر بۇ ئەللامەسى ھىجرىيىنىڭ 370 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 980 ـ يىلى) بۇخارا يېنىدىكى ئەفشانە دېگەن قىشلاقتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن سوغدى نەسەبلىك ئابدۇللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇئەلى ھۈسەيىن ئىبن ئابدۇللا ئىبن ھەسەن ئىبن ئەلى ئىبن سىنا بولۇپ، «سىنا» (ھەيكەل) ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىلىم ـ پەننىڭ «سىنا»سى. شۇ ۋەجىدىن قەدىمكى يۇنان تىبابەت ئىلمى پېشۋالىرى ھىپپوكرات ۋە گالېن نامى بىلەن باغلىنىدىغان «مېدىئولوگىيە» ئىبن سىنادىن كېيىن دۇنيا ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان «مېدىتسىنا» نامىغا ئۆزگەردى. بۇ خەلقئارا نامدىكى «مېدىت» — گىرىكچە مېدىئولوگىيە (تىبابەت ئىلمى) دىن ئېلىنغان بولۇپ، «سىنا» مۇقەررەركى، ئىبن سىنا نامى بىلەن باغلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ پەن ساھەسىدىكى كاتتا شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. دەرۋەقە، تارىختىن بۇيان ئاۋام ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ دۇنياۋى ھاياتلىق ئىلمىنىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ شۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرگەن شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىشى دۇنيا پەن تارىخىدا ئىبن سىناغىلا مۇشەررەپ بولغان بولسا كېرەك.

ئۇ ھەقىقەتەن «پۈتۈن شەرق خەلقلىرىنىڭ پەخرى، پۈتۈن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى، شۇنىڭدەك پۈتۈن پەن تارىخىنىڭ پەخرى»① بولۇشقا مۇناسىپ.

ناۋادا ئارىستوتېل ھامىيلىقىدىكى قەدىمكى يۇنان دارىلئۇلۇماسى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇنجى قېتىملىق دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئويغىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانلىقىدەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتى بىلەن مەشھۇر بولسا، مىلادىنىڭ بىرىنچى 1000 ـ يىللىرىدىن ئىككىنچى 1000 ـ يىللىرىغا ئۆتۈش نېسىپ بولغان ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق دارىلئۇلۇماسى مىڭ يىلنى بىرلىك قىلغان كېيىنكى ئون ئەسىرنىڭ مۆجىزىدار چوققىسى بولغانلىقىدەك بەھەيۋەت قىممىتى بىلەن قەدىمكى يۇنان دارىلئۇلۇماسىنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىبن سىنا قازانغان ئىلمىي شۆھرەت تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ دۇنياۋى «شەيخۇل رەئىس» لىك ئورنىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇردى. XII ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى تەرىپلىگەندەك: «ئەگەر بوقرات بىلەن جالىنوس تىرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئالدىدا سەجدە قىلاتتى»②. ھاياتلىقىدىلا «پەلسەپە شاھى»، «تىبابەت سۇلتانى»، «ئىككىنچى فارابى»؛ «ئاۋىسېننا» دەپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىبن سىنا، ۋاپاتىدىن كېيىن غەرب دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئالىبېرت دانتېنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» ناملىق شېئىرىي تىرىلوگىيىسىدە، جوردانوبرۇنونىڭ «دىئالوگلار» ناملىق ئەسىرىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلىسنىڭ «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە، جاۋاھىرلال نېھرونىڭ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» ناملىق كىتابىدا، ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ مىڭلىغان ئالىم ۋە ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇقىرى ھۆرمەتلەندى. ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېيىي. ژ. شېللارد ئېيتقاندەك: «ئۇنىڭ نامى نۇرغۇن تۆھپىلىرى بىلەن بىللە، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە پائالىيەت قىلماقتا». ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە تىبابەتشۇناسلىق دەستۇرى ـ «ئەلقانۇن

---

① ئابدۇ شۇكۇر مەمتىمىن: «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»گە يازغان كىرىش سۆزدىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

② «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 130 ـ بەت 7 ـ بەت.

فىت ـ تىب». ئىككىنچى مىڭ يىللارنىڭ تەخمىنەن تولىسى مابەينىدە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە غەرب ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىسى قىلىندى. ھەتتا ياۋروپادا بۇ «شەيخۇل رەئىس» نىڭ نامىدا «ئاۋسىپىنا II » دېگەن مۇكاپات ئۇنۋانى تەسىس قىلىنىپ①، ھازىرقى زامان «نوبېل مۇكاپاتى» نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ بىلىش ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى نامايان قىلغان بۇ ئۇلۇغ ھېكىمنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ئاجايىپ يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەپ كەلمەكتە. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ 1952 ـ يىلىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1980 ـ يىلى بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى دۇنيا بويىچە داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەنلىكى، بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

شەرق ئالىمىدە «لوقمان ھېكىم» سۈپىتى بىلەن ئىسلاھلاشتۇرۇلغان بۇ ھاياتلىق مۇئەككىلىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ماھىيەتلىك تۆھپىسى زادى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار ئارىسىدىن پەقەت بارماق بىلەن سانىغىدەك ئىنتايىن چەكلىك كىشىلەرلا مۇشەررەپ بولالايدىغان دۇنياۋى شانۇ ـ شەۋكەتكە بۇخارالىق بۇ سوغدى نەسەبلىك ئىبن سىنا ئېرىشەلىدى؟ ئىبن سىنا زادى كىم؟ مېنىڭچە بۇلارنى مۇھاكىمە قىلىپ يەكۈنلەش ئۈچىنچى مىڭ يىللارنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئېرا ئىچىدىكى زەپەر تەنتەنىلىرى ئۈچۈن تۈرتكىلىك ئىلھام بولۇشتەك مەشئەللىك رول ئوينايدۇ.

## 1. بارلىقىنى بىلىمگە بېغىشلاش روھى

ئىبن سىنا جەسۇر ۋە قەيسەر خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەقىل خەزىنىسىگە ئىلىم دۇردانىلىرىنى توپلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىل جەھەتتە زامانداشلىرىدىن ھالقىغان ئىنسان ئىدى. ئايىغى چىقماي تۇرۇپ تىلى چىققان بۇ زېرەك بالا ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ سىرىنى تاپمىغىچە قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان، تەبىئەت ۋە ئىنسانغا باشقىچە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، شېئىرىي تۇيغۇلۇق بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق يازغان ئىدى: يېشىم ئونغا تولغاندا مەن «قۇرئان» ۋە ئەدەپ (دىداكتىكا) نىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىدىم. كىشىلەر ماڭا ئەجەپلىنىدىغان بولدى②. بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەندەك، ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان دادىسى ئابدۇللا شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئوغلىنى مەلۇماتلىق قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلىم ئىشتىياقى بىلەن سۇغۇرۇلغان ياش ئىبن سىنا ئىلىم نوپۇزلىرىغا كۈچلۈك ھۆرمەت قىلاتتى، ئەمما قارىغۇلارچە چوقۇنمايتتى. ئىلمىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇستازلىرى بىلەن قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە

---

① ئىبن سىنا غەرب دۇنياسىدا «ئاۋسىپىنا» نامىدا ئاتالغان. پادشاھ كىكمۇنت V نىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادى 1309 ـ يىلىدىن 1557 ـ يىللىرىغىچە ئىتالىيىنىڭ مونپېلىئى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ناملىق ئەسىرى دەرسلىك قىلىنغان. تۇنجى قېتىم ئىتالىيىلىك دوختۇر ياندىر فۇلىنىم «ئاۋسىپىنا I » ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

② «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 132 ـ بەت.

قىلىشقا جۈرئەت قىلالىتتى. قىسقىسى، ئىبن سىنانىڭ بارلىقىنى بىلىمگە بېغىشلاش روھى «قىلنى قىرىق يارىدىغان» جاسارىتى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغىغان ئىدى. ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى پەلسەپە ئۇستازى ئەبۇ ئابدۇللا ناتىلىنى ئەسلەپ: «ئۇ ماڭا قايسى مەسىلە ھەققىدە سۆزلىسە، مەن بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن توغرىراق تەسەۋۋۇر قىلالىتتىم. كېيىنچە مەن مەنتىقىنىڭ ئاددىي مەسىلىلىرىنى ئۇنىڭدىن ئوقۇدۇم، لېكىن مەنتىقىنىڭ نازۇك مەسىلىلىرىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى. شۇندىلا قىلىپ مەنتىقىگە ئائىت كىتابلارنى ئۆزەم ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئۇلارغا بېرىلگەن يېشىملەرنى مۇتالىئە قىلىشقا باشلىدىم، ئاخىرى مەنتىقە ئىلمىنى پۇختا بىلىۋالدىم... ئۇندىن سۆڭرە <ئەل مەجەستى ①> گە ئۆتتۇم ... » كېيىن ناتىلى مېنى قويۇپ، ئۈرگەنچ تەرەپكە كەتتى. مەن بولسام <فۇسۇس ②> كىتابىنى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەتكە ئائىت شەرھىيلەرنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندىم ...... ئىلىم ئىشىكلىرى ماڭا ئېچىلىشقا باشلىدى. كېيىن تىبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىـــدىم. تىبابەتچىلىك قىيىن ئىلىملاردىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا مۇددەتتە راسا ئىلگىرىلەپ كەتتىم. ئەمدى ھەتتا بىلىمدار تېۋىپلارمۇ كېلىپ، ھۇزۇرۇمدا تىبابەت ئىلمىدىن دەرس ئالىدىغان بولدى.......... شۇنىڭ بىلەن يەنە فىقھىنى③ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ چاغدا مەن 16 ياشتا ئىدىم. كېيىن يەنە بىر يېرىم يىل ئىلىم ۋە مۇتائىلىگە بېرىلدىم. مەنتىقە ۋە پەلسەپىنىڭ ھەممە قىسىملىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ چاغلاردا مەن بىرەر كېچىنى تولۇق ئۇخلاپ ئۆتكۈزمىدىم. كۈندۈزلىرىمۇ ئىلىمدىن باشقا نەرسە بىلەن شۇغۇللانمىدىم...... شۇنداق يوسۇندا ھەممە ئىلىملارنى مۇستەھكەم ئىگىلىۋالدىم ۋە ئۇلاردىن ئىنسان ئىمكانىيىتى دەرىجىسىدە خەۋەردار بولدۇم④» دەپ يازغان . شۇنداق قىلىپ ئىبن سىنا 18 ياشقىچە ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئىلىم - پەنلىرىدىن رىيازىيات ئىلمى (ماتېماتىكا)، ئىلمي ھەيئەت (ئاسترونومىيە)، ئىلمي نۇجۇم (ئاسترولوگىيە)، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ھەندەسە تەقلىدلىرى (تىرگىنومېترىيە)، ھادىسىيات (مېتافىزىكا)، ئەل كىميا (خىمىيە)، ئەل سىماي (فىزىكا)، ئىلمي تەبىقەلئەرز (گېئولوگىيە)، ئىلمي تەبئەتەلئەرز (گېئوفىزىكا)، ئىلمي قىياس (مېترولوگىيە)، ئىلمي بەسەرىيات (ئوپتىكا - يورۇقلۇق ئىلمى)، ئىلمي نەبات (بوتانىكا)، ئىلمي روھ (پسىخولوگىيە)، ئىلمي داقايىق (فىلولوگىيە - تىل ئەدەبىيات ئىلمي)، سەرپ نەھۋى ( ئەرەپ تىلى گراماتىكىسى)، ئىلمي مەنتىق (لوگىكا)، ئەقايەت (دىنىي ئەقىدىشۇناسلىق)، تەجۋىد (فونېتىكا ئىلمى)، ئىلمي تىب (تىبابەتچىلىك - دوختۇرلۇق ئىلمى)، جەرراھلىق (ئاناتومىيە)، ئىلمي ئەدەب (دىداكتىكا - ئەخلاق ئىلمى)، مۇسىقى (مۇزىكاشۇناسلىق ئىلمى)، فىزىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەربويىچە خاس ئەسەرلەرنى يازدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرگە قابىل، كۆپكە قادىر «شەيخۇل رەئىس» بولۇپ يېتىشتى.

ئىبن سىنا بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر شۇڭغىغانسېرى ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى

---

① «ئەل مەجەستى» — ئەسىردىكى يۇنان ئاسترونومى پىتولمى يازغان «ئالماگېستا» ناملىق كىتابنىڭ ئەرەپچە ئاتىلىشى. II

② «ئەل فۇسۇس» - ئەبۇ نەسر فارابىنىڭ «خۇسۇسۇل ھەكەم» (پەلسەپە ئەڭگۈشتىرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى.

③ فىقھ - قانۇنشۇناسلىق ياكى ھەدىسشۇناسلىق ئىلمى.

④ «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى، 134 -، 135 - بەتلەر.

شۇنچە كېڭىيىپ، غەۋۋاس كەبى جاسارەت ۋە روھقا ئىگە بولدى. ئىبن سىنانى بىلىم ئىگىلەش بىلەن ئىشلىتىشنى زىچ بىرلەشتۇرۇشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ مۇلاھىزە قىلماي دۇم يېتىپ كىتاب ئوقۇيدىغان تالىپلاردىن پەرقلىنەتتى. مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەتىبقلاش ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئېسىل كىتابلاردا يېزىلغان نەرسىلەرنى كاللىدا بىر قۇر مۇلاھىزە قىلساڭ، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلاپ كۆرسەڭ، ئاندىن ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىسەن ۋە ئۇنىڭ سىرىغا يېتىسەن» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۆزىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆگىنىشكە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. كىتاب ئوقۇش جەريانىدا چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسە «بولدى» قىلماستىن تاكى ئۇنىڭ سىرىنى تاپمىغىچە ھەرگىز ئارام ئالغان ئەمەس. ئۇ، پەلسەپە جىمى ئىلىملارنىڭ بوۋىسى، شۇڭا پەلسەپىنى بىلمەي ئالىم بولۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغاچقا، ئۇ مەشھۇر قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ۋە ئاسترونومى ئارىستوتىلنىڭ «ھادىسىيات» (مېتافىزىكا) دېگەن بۈيۈك پەلسەپە كىتابىنى 40 قېتىمدەك ئوقۇپ چىققان. بۇ ئەسەر ئىبن سىناغا تامامەن يادا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەچكە ئۇنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولدى. ئۇ، ھەممە ئادەم «جىمى ئىلىملارنىڭ بېشى» دەپ قارايدىغان «ھادىسىيات»نى چوڭقۇر بىلىشكە بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ھادىسىيات» قا ئالاقىدار ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئاخىرى بىر كىتابپۇرۇشتىن ئەلفارابىنىڭ «ھادىسىيات شەرھى» ناملىق كىتابىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئەنە شۇ شەرھىينىڭ ياردىمى بىلەن «ھادىسىيات» نى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئىبن سىنانىڭ پەلسەپە جەھەتتە «ئىككىنچى فارابى» دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئارىستوتىل ۋە ئەلفارابىنىڭ پانتېئىزملىق پەلسەپە قاراشلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ناتۇرال ماتېرىيالستىك قاراش ئىبن سىنا مېدىتسىناسى ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىبن سىنانىڭ بىلىم ئىگىلىشىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۇرۇشكە، بىۋاستە كۆزىتىش ۋە تەكشۇرۇشكە، تەجرىبە ۋە سىناق ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

بىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ئىبن سىنا ياشىغان مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زاماندا مەيلى تىبابەتچىلىك ياكى باشقا تەبىئىي پەنلەر بولسۇن، ئۇنىڭدىكى نەزەرىيىۋى ئۇتۇقلارنى تەجرىبە سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ھاجەت بولىدىغان ئۇسكۈنە ـ سايمانلار تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيە قاراشلىرىمۇ ئادەم ۋە باشقا تەبىئەت جىسىملىرى ھەققىدە بىۋاستە تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا مۇتلەق يول قويمايتتى. ئەنە شۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا قارىماستىن ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ھەر بىر ئىختىراسىنى ھەر خىل يوللار بىلەن تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەي قويمايتتى.

خارەزىم شاھى ئەلى ئىبنى مەئمۇن ئىبن سىنادىن يېڭى سالنامە تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاشقا كىرىشىپ، نەچچە كېچىلەرنىكەڭ دالىدا ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، يەنە زۆرۈر بولغان كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ئۆزى لايىھىلەپ چىقىدۇ. ئىبن سىنا لايىھىلەپ ياساتقان بۇ كۆزىتىش ئەسۋابى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بەش يۈز يىل كېيىن، يەنى 1542 ـ يىلى پورتوگالىيىلىك ئاسترونوم پېدرو نونىېس تەرىپىدىن قايتا ئىسلاھ قىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. شۇندىن باشلاپ خەلقئارادا بۇ قورۇلما «نونىئوس» دەپ ئاتالغان. ئىنژېنېرلار بۇ قورۇلمىنى ئىنچىكە ئۆلچەشلەردە ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئىبن سىنا زاماندا ئادەم ئاناتومىيىسىنىڭ قورۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلىش قەتئىي مەنئى

قىلىناتتى. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە شەرىئەت تېخىمۇ يول قويمايتتى. شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان تىۋىپنىڭ ئۆزىمۇ شۇئان جەسەتكە ئايلىناتتى. ئىبن سىنا گەرچە نۇرغۇن قېتىم قاسساپلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى بىۋاستە كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، ئادەمنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋە ھۈجەيرىلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى بۇخارالىق مەشھۇر تىۋىپ قەمەرىنىڭ ياردىمى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندى. زاراتگاھلىقنىڭ كۆزەتچىسى قەمەرىنىڭ ئىشەنچلىك تونۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن تېخى شۇ كۈنى كۆمۈلگەن بىر جەسەتنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ كېلىپ، تاڭ ئاتقىچە چىراق يورۇقىدا جەسەتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئۈچەيدە بىر خالتىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. سوقۇر ئۈچەي دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خالتا ھايۋانلارنىڭ ئۈچەيدە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇنى كۆرۈشى تولىمۇ تەس ئىدى. ئۈستىدە جاراھەتلەنگەن بۇ خالتا يېرىلىپ يىرىڭلىغانلىقتىن، يىرىڭ پۈتۈن قورساق بوشلۇقىغا يامراپ، پۈتۈن بەدەننى ياللۇغلىغان ئىدى. ئىبن سىنا ئۇ ئادەمنىڭ ئەنە شۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپقانلىقىنى ئېنىقلىدى. بۇنداق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئىلگىرى ئېنىقسىز بولغان نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. چۈنكى ئىبن سىنانىڭ نەزەرىدە كېسەل ئېنىقلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ داۋاسىنى تېپىش مۇمكىن ئىدى. ئىبن سىنانىڭ ئىلىم پەنگە بولغان بۇنداق قىزغىن پوزىتسىيىسى ۋە بىلىم تەشنالىقى ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇئەللىمى ناتىلى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

- ساڭا كېچىلىرى ئۇخلىماي كىتاب كۆرۈپ بۇنچە تىرىشىپ بىلىم ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ساڭا داداڭنىڭ بايلىقى يەتمەمدۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ناچارمۇ؟ بۇنى مەن خېلىدىن بېرى چۈشەنمەي كېلىۋاتىمەن. جاۋاب بەرگىن، بىلىمنىڭ كىشىگە بەخت بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەمسەن — يا؟ بىلىم سېنى تۈگىمەس ئازاب ئىچىگە تاشلايدۇ. سەن شۇ ئازابتىن بىردەممۇ ئارام تاپمايسەن. بىلىمنى قوغلاشساڭ كەلگۈسىدە سېنى كۈتىدىغان نەرسە ئەنە شۇ! سەن تېخىچە بۇنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟

— مەن بىلىم ئالماي تۇرالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ھۈسەيىن (ئىبن سىنا) — مەن ئانچە - مۇنچە بىرەر يېڭى نەرسە ئۆگەنمەي ئۆمرۈمنىڭ بىرەر سائەت ۋاقتىنىمۇ ئۆتكۈزەلمەيمەن. مەن دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنى داۋاملىق ئىگىلىشىم كېرەك. ئۇنداق قىلماي قىسقىسى مەن ياشىيالمايمەن...... مەن ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئاچىمەن، كىشىلەرنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان قىلىمەن. مېنىڭ ياشاشتىكى مەقسىدىممۇ ئەنە شۇنىڭدا. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۈندىن كېيىن مەن بىردىنبىر ئىلىم - ئىلمىي تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن①.

ھەقىقەتەن، ئىلىم - پەننىڭ قەدىر - قىممىتى تېخى چوڭقۇر ھېس قىلىنمىغان، ئىلىم ئەھلىلىرى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەسەبىيلەشكەن فېئوداللىق دىنىي ئاسارىتىدە بوغۇلۇۋاتقان شارائىتتا، ئىبن سىنا ئۆزىنى ئەينى زاماندىكى ئەڭ پاك ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشى دەپ بىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ھايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىپ، بۇ يولدا شەخسىي ھاياتىنىڭ ھەر قانداق مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ قەلبى ھاياتقا ۋە ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئائىلە

---

① ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى، 64 - بەت.

ھاياتى ھەققىدە ئويلىنىشقىمۇ ئىمكان ۋە پۇرسەت بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نىكاھسىز ياشىدى. ھاياتىنىڭ ئىغىر سەرسانلىق ۋە تۇتقۇنلۇق مۇھىتىدىمۇ ئىجادىيەتتىن توختىمىدى. ئۇ ئىغىر غۇربەتچىلىك كۈنلىرىدىمۇ، قىلچە مەيۇسلەنمەي كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرايتتى: «ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرىپ قالدىم. بۇ دىمەتلىك بولغاندا ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى مىۋىلىرى كۆرۈنمىشى، ئۆمۈر كاشانىسى (ھەيۋەتلىك بىنا) نىڭ ئۇلى ۋە تاملىرى تىكلەنگەن بولۇشى لازىم ئىدى. شۇنداق بولغاندا، بۇ كاتتا ھايات بىناسىنى ئىچكى جەھەتتىن بېزەش ۋە تولۇقلاش ئىشىلا قالاتتى خالاس. خوش، مەن قانچىلىك ئۇل سالدىم، ھايات بىناسىنى قانداق تىكلەيمەن؟ مەقسەت قىلغان نەرسىلىرىمنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئويلىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ئادا قىلالمىدىم. ياشاشتىكى مەقسىدىم نېمە؟①» دېپ، گەرچە قەلبى غەم ـ غۇسسىگە تولغان بولسىمۇ، يەنە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق خىتاب قىلغان:

يارىماس بىچارىلىك ھەمدە پۇشايمان قىلمىقىڭ،
نېمە ھاجەتكى جاھاندا يەككە ـ يالغۇز يۈرمىكىڭ.
قىل ئادا بۈگۈن قولۇڭدىن كەلسە ھەرقانداق يۇمۇش؟
ئېھتىمال مۈمكىن ئەمەستۇر ئەتە دەۋران سۈرمىكىڭ.②

ئىبن سىنا دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋە ھەسەتخور پىتنە ـ ئىغۋاچىلارنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن ھەمەدان ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ قاماقخانىدا مەھبۇسلۇق ھاياتىنى باشلىغان ئىغىر كۈنلىرىدىمۇ، ئىجادىيىتىنى توختاتماي «ئادالەتنامە»، «سانجىق رىسالىسى»، «ياشا! ئىبنى يەكسان»③ قاتارلىق 3 پارچە كىتاب يازدى. قىسقىسى، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئىجادىيەتتىن توختىمىدى. ئۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىش ئالدىدا، ياشلىقىدىكى مەڭگۈ ياشاش ئارزۇلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى مۇنداق ئاخىرقى رۇبائىسى بىلەن يەكۈنلىگەن ئىدى:

ئوقۇپ بىلدىم كائىناتنىڭ كۆك سامانىڭ سىرىنى،
جۈملە دانىشمەن ۋەلىنىڭ پىشەسى④— تەزكىرىنى.
بارچە نەيرەڭدىن مۇسەففا⑤ ياشىدىم، بەند بولمىدىم،
ۋادەرىخا، بىلمىدىم باقى ئۆلۈم تەدبىرىنى.

---

① ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم ـ ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 213 ـ، 214 ـ بەتلەر.
② ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم ـ ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 213 ـ، 214 ـ بەتلەر.
③ بۇ كىتاب ئىبن سىنانىڭ بىرىنچى قېتىم يازغان ئەدەبىي ئەسىرى بولۇپ، مەھبۇس مەزگىلىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ ياردەم بەرگەن تاماقخانا باش مىرشابى ئىبنى يەكسانغا بېغىشلانغان. كۈچلۈك فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە بۇ ئەسەر ئىبن سىنادىن كېيىنكى دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، دانتې ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ئىلاھ كومېدىيىسى» ناملىق ترولوگىيىسىنى ئىبن سىنانىڭ «ياشا! ئىبنى يەكسان» ناملىق ئەسەرىنىڭ تەسىرى بىلەن يازغان.
④ پىشە — ئىش — ھەرىكەت،
⑤ مۇسەففا — پاكىز، پاك، خالى.

## 2. ھايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىش روھى

ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېچىشنى، كىشلەرنى ئۇزۇن ئۆمۈرگە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىدى ۋە چېلىشىش نىشانى قىلغان ئىبنى سىنا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دانىشمەن، ئالىملارغا ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى. مىلادى 1037 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 57 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ قىسقىغىنا يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىدا 450 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن بىزگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن 250 پارچىسى يېتىپ كېلەلىدى. ھايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشەنگەن بۇ «شەيخۇل رەئىس» ئاز ياشىدى، ئەمما ساز ياشىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تىب ساھەسىدە قازانغان ئۇتۇقلىرى مىڭ يىللاردىن بۇيان يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي، دۇنيا مېدىتسىناسىنىڭ «چوققىسى» بولۇپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، ئىبنى سىنادىن كېيىنكى 10 ئەسىرلىك مېدىتسىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل مۆقەررەرلىك. لېكىن يول ئېچىلغان ئىكەن ئۇنى خالىغانچە كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش دەسلەپكىسىگە قارىغاندا ئۇنداق زور ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ. بۇنىسى ھەممىگە ئايان بولغان قانۇنىيەت. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىبنى سىنا «مېدىتسىنا» سى مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى شەرق ـ غەرب تىبابەت ئۇتۇقلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئىجادىيلىك بىلەن يېڭىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىبابەت ئىلمى جەھەتتىكى يېڭى ئىختىرالىرى ئارقىلىق يىپەك يولىدىكى مىڭ يىللار جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تىبابەت ئۇتۇقلىرىنىڭ مۇجەسسەملىگۈچىسى، شەرق ـ غەرب مېدىتسىناسىنىڭ پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جاھان تىبابەت ئىلمى تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئابىدە بولغان ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» تا ئىنسان ئاناتومىيىسى، فىزئولوگىيىسى، سىھھەت (گىگىنا) ۋە ھايات مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئومۇمىي تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى مۇئەييەن چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكتە بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە پاتالوگىيە (كېسەلچىلىك)، فارماكولوگىيە (دورىگەرلىك)، پىروپىلاكتىكا (كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش) مېدىتسىناسى قاتارلىقلار ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان. مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان بۇ تىبابەت قامۇسىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىبنى سىنا مېدىتسىناسى قانداقتۇ نوقۇل ئەرەب تىبابەتچىلىكىنىڭ يېڭى پەللىسى ياكى قەدىمكى ھېپپوگرات ۋە گالېننى ئۆزەك قىلغان قەدىمكى يۇنان تىبابەتچىلىكى (مېدىئولوگىيە) نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرھىيسى بولماستىن، ئالدى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ياراتقان مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تىبابەت ئۇتۇقلىرىنىڭ يېڭى نامايەندىسى ۋە جاھان مېدىتسىنا تارىخىدىكى بىر قانچە تۈنجى قېتىملىق ئىختىرالارنىڭ مۇجەسسىمى ئىدى. دۇنيا تىبابەت ساھەسى ئىبنى سىنانىڭ قان تومۇر تەلىماتىغا تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېڭىدىن بىرەر مەزمۇن قوشۇش ئاسان ئەمەس دەپ قارىماقتا. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تىبابەت دەستۇرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» دا شەقىقى، ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، نېرۋا قاتارلىق ئېغىر كېسەللەرنى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن؛ ئۇ يەنە دۇنيادا تۇنجى قېتىم چۇما كېسىلىنى ۋابادىن پەرقلەندۈرگەن ھەمدە ماخاۋ، سېرىق كېسەل، كۆيدۈرگىنىڭ تەرىپىنى ۋە دىئاگنوزىنى كۆرسىتىپ بەرگەن؛ ئۇ يەنە تۇنجى قېتىم كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ تورلۇشۇشىنى تەرىپلەپ، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىنى جەرراھلىق

(ئوپېراتسىيە قىلىش، يېرىش) يولى بىلەن داۋالاشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن؛ سىفلىس، قىزىل، ۋابا قاتارلىق تېز تارقالغۇچى كېسەللىكلەرنى تۇنجى قېتىم ئېنىقلاپ، بۇ كېسەللىكلەرگە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىچىك جانىدارلار ـ جەراسىم (مىكروپ، ۋىرۇس) لار سەۋەبچى، دېگەن گىپوتېزىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەتتە ئەسىردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئانتون لىۋېنگوك (1632 — 1723) تەرىپىدىن مىكروسكوپتا باكتېرىيە (مىكروپ) لەر بايقالغاندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ بۇ گىپوتېزىسىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا مىكروسكوپ 1667 ـيىلى ئەنگلىيىلىك ھۈجەيرىشۇناس روبېرت كوك تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان ۋە شۇندىن كېيىن نېرۋا ھۈجەيرە تالالىرىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئىبن سىنا تۇنجى قېتىم نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى تەرىپلەپ: «نېرۋىلار مېڭە ۋە ئارقا مېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان تاق ئەۋرىشىم جىسىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە ئاجرىلىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. نېرۋىلار سېزىم ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ①دېگەن. ئىبن سىنا كېسەللىكنى بايقاشنىڭ 60 تۈرلۈك ئادىي، 30 تۈرلۈك مۇرەككەپ تومۇر ھەرىكىتى، كۈچى، تېزلىكى، رېتىمى ھەققىدە توختىلىپ، تومۇر تۇتۇشنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلىرىگە ئېنىقلىما بەرگەن ۋە تۇنجى قېتىم كۆكرەكنى بارماق ئۇستىدىن چېكىپ يۈرەك ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىبن سىنانىڭ قەنت سىيىش (دىئابېت) كېسىلىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى، قان ئېلىش، روھىي كېسەللەرنى بايقاش ۋە داۋالاش، مىزاج ـ خىلىتلار تەلىماتى قاتارلىقلار ئىجادىيلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللىك رېتسېپلىرى ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتاقلىق مېدىتسىنا تارىخچىسى ب.د. پېتروۋ: «‹ئەلقانۇن فىت ـ تىب› ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە كېسەللىككە ئائىت ھەممە مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرى ئىلمىي سەۋىيىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەل بايان قىلغان مېدىتسىنا ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئىبن سىنا مېدىتسىنادىن باشقا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەت تاپقان ئالىمى بولۇپ، كۆپ خىل ئىلىم ـ پەن ئۇتۇقلىرىنى تىبابەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەيۋەتلىك ھايات قەسرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە قىلغان. ھەتتا مۇسىقى (مۇزىكاشۇناسلىق) ئىلمىنىمۇ تىبابەتچىلىكنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنبۇي ئاساسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئىستېتىك سېزىم ئارقىلىق روھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى شىپالىق دورا سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. شۇنداقلا مۇزىكىنى رىيازىيات ئىلمى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنى سىغىملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەردى. ئىبن سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ «كىتابۇلشىفا» ناملىق قامۇسى ئىچىگە ئالاھىدە بىر قىسىم قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. ئىبن سىنا يەنە مۇزىكا ھەققىدە مەخسۇس «كىتابۇننىجاد» ناملىق ئەسەر يازغان.

فارابىنىڭ شاگىرتى، بۇخارادا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۈركى مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە مەركىزىي ئاسىيا ساك ـ تورانىيلارنىڭ ئون ئىككى مۇچەل قارىشى، كۇسەنلىك سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى، بابىلون ـ سۇمېر مەدەنىيىتىدىكى ئون ئىككى بۇرۇچلۇق مۇقەددەس قارىشى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى شەرق ناخشا ـ

① «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1996 ـ يىلى، 35 ـ بەت.

مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى تۈركۈملۈك كۈي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا تۈنجى قېتىم ئون ئىككى تۈركۈملۈك (ماقاملىق) كۈي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈيشۇناسلىقىدىكى مۇزىكىلىق ئاكوستىكا، ئىنتېرۋال، رىتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. ئىبنى سىنانىڭ ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئەزەربەيجانلىق مۇزىكاشۇناس سەيفىددىن ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى يۈسۈپ ئەل - ئۇرماۋى (مىلادى 1216 - 1294 - يىللار) «كىتاب ئەل - ئەدۋار» (دائىرىلەر توغرىسىدا كىتاب) دېگەن ئەسىرىدە كۈيلەرنىڭ ئون ئىككى دائىرە بويىچە شەكىللىنىش قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ، «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، ئىبنى سىنا ئىلىم - پەننىڭ قايسى تۈرىنى نىشانلىسا، ئۇ شۇ ساھەدە ۋايىغا يېتىپ، ئۆلمەس ئابىدە تىكلىگەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قىلچە قانائەت ھاسىل قىلمىغان. ئۇ: «ئىلىم چەكسىزدۇر. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كۆز يەتمەيدۇ. ئۇ چېكى يوق ئۇيۇققا ئوخشاش»① دەپ توغرا ئېيتقان.

## 3. تەبىئەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ

ئىبنى سىنا تەبىئەت ئالىمى بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىگە بىر گەۋدە سۈپىتىدە قاراپ، «ئۆلۈمنىڭ سىرىنى بىلىش» يولىدىكى پۈتكۈل ئىزدىنىشلىرىدە تەبىئەت ۋە ئىنساندىن ئىبارەت ئەنە شۇ ئىككى ئوقنى مەركەز قىلدى. تەبىئەتنى ئەڭ زور ھۆرمەت بىلەن سۆيدى ۋە ئۆزىنى تەبىئەتكە ئاتا قىلدى. چۈنكى، تەبىئەتپەرۋەرلىك ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى بولغان تىبابەت ئىلمىنىڭ ئاساسىي ئۇلى ئىدى. ئىبنى سىنا ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتپەرۋەرلىك ئىككى چوڭ مەزمۇننى، يەنى تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان چوڭ تەبىئەت (ماكرو ئالەم) نى سۆيۈش بىلەن ئۇنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تۆت خىل ھايات سۈيۇقلىقىدىن تەركىب تاپقان كىچىك تەبىئەت (مىكرو ئالەم - كونكرېت ئادەم) نى سۆيۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى سۆيۈش، ئۇلۇغلاش تېمىسى ئىبنى سىنا پەلسەپە قارىشى ۋە تىبابەت قارىشىنىڭ جېنى ۋە قېنى سۈپىتىدە بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل تىبابەت ئۇتۇقلىرىنى قانائەتلەندۈردى ۋە نۇرلاندۇردى. تەبىئەتنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، ئاسمان، يەر - زېمىن ۋە ئادەمنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ تونۇش، كۆللى ئالەمنى - مۇھىتنى ئاسراش، قوغداش ئىبنى سىنا ئالەم قارىشىنىڭ ئاساسىي مىلودىيىسى بولۇپ، بۇنداق تەبىئەت ھېرىسمەنلىكى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىن ئەسەبىيلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇنىڭ پانتېئىزمدىن پەرقلىق بولغان ماددا بىرلەمچىلىك ئاساسىدىكى ناتۇرال ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قارىشىنىڭ ھامىيسى بولۇشتەك ھەققانىيلىقىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئۇ ئانا تەبىئەتتىن ئۇلۇغ ھەرقانداق ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيتتى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مۇھىتىدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى يۈكسەك جاسارەت ۋە ساغلام ئىلمىي مەۋقەنىڭ ۋولقانى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى ساغلام پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ تاغ - باياۋانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى كىتابىدا روشەن ئىپادىلىگەن. ئىبنى سىنا بىلەن بىرونىنىڭ تۆۋەندىكى سۆھبىتىگە قارايلى:

---

① ۋ. ۋوسكو بوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم - ئىبنى سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى، 51 - بەت.

– «ئالەمنىڭ يارىتىلغىنىغا ئۆزۈن بولمىدى، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم، ئالالاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا يارىتىلغان» دېيىشىدۇ. دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بۇ پىكرىنى ھېچقانداق بىر ئالىم رەت قىلالمىدى، – دېدى ئىبىن سىنا.

— رەت قىلالىسا ئىدى كاشكى! – دېدى برونى مەيۇس ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

— لېكىن دەلىل – ئىسپاتلار، تەبىئەتنىڭ ئۆزى ناھايىتى ساغلام پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سادىسى باشقىچە، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەبۇ ئەلى (ئىبىن سىنا) ھاياجان بىلەن، — تەبىئەت شۇندىلاق دەيدۇكى، چۆل – باياۋانلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىم – قەدىمدە شۇبھىسىزكى، دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۈگۈن سۇ بىلەن قاپلانغان يەرلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تاغ تىزمىلىرى ۋە دەشت – باياۋان بولغان بولۇشى، ئۇ يەرلەردە ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرنىڭ يارىلىشىنى تەدرىجىي كەلتۈرۈپ چىقارغان① . بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان برۇنى بىلەن بولغان بۇ ئىلمىي سۆھبەتتىن ئىبىن سىنانىڭ تەبىئەت ھەققىدە ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان ئىلغار كۆز قاراشلارغا ئىگە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئىبىن سىنا تەبىئەتنى قانچىلىك ئۇلۇغلىسا، ئۇنىڭ جانلىق بىر قىسمى بولغان ئىنساننى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ بىلدى ۋە ئۆزىنى ئىنسان ھاياتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتىدى. ئۇ ئىنساننى ماددا، ماددىي دۇنيانىڭ بىر قىسمى، تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانمۇ تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تۆت زاتقا قايتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان:

ئۇڭا دەلىل، جىسمى ھالاك بولسا ئەگەر
مۇقەررەركى، تۆت ئۇنسۇرغا يەنە قايتار.

دېمەك، ئىبىن سىنا ئىنسانغا تەبىر بەرگەندە، ئۇنى بىرىنچىدىن تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، ئىككىنچىدىن، تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان تاشقى ئالەم بىلەن دائىمىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدىغان جانلىق تەبىئەت دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئىنسانىي خاراكتېرىنى تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە روھىي مۇھىتتا قويۇپ ئىزاھلىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

ھەق – جاھان جاندۇر، بەدەندۇر جاھان،
پەرىشتە دېگەنلەر سەزگۈ بىگۇمان.
ئۇنسۇرلاردىن بارچە جىسىم بولغاندۇر ئەزا،
مەن – بارلىق، قالغىنى ھىلە ھەم يالغان.

ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ناتۇرال ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قاراشلىرىدىن ئىككى چوڭ تەلىماتنى — نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تىبابەتچىلىك تەلىماتى بىلەن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش (گېگىنا – سەھەت) تىن ئىشارەت سەھەت تەلىماتىنى ياراتتى. ئۇ ئىنسان تەقدىرىنى «ئالالاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق» دەيدىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدا مودا بولۇپ قالغان ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلاردىن پەرقلىق ھالدا «ھاياتلىق ئاچقۇچى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز قولىدا، شۇڭا ھەر بىر ئادەم ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى – مىزاج، خىلىت، مۇۋازىنەت خاراكتېرىنى بىلىپ تۇرۇشى شەرت. ئۆزىنىڭ مىزاج – خاراكتېر سۈپىتىنى بىلمەسلىك ئەقلىنىڭ بىرىنچى ئېلىپبەسىنىمۇ بىلمەسلىك بولۇپ، ئىنسان تۇرۇپ ھايۋان ھالىتىدە قېلىش دېمەكتۇر. ھەر كىم ئۆز مىزاجىنى

① ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم – ئىبىن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 – يىلى، 161 – بەت.

بىلمىگەنىكەن، ئۇ ئۆز ساغلاملىقىنى باشقۇرالمايدۇ. پايدا ۋە زىيانلىق مۇھىت، پايدىلىق ۋە زەرەرلىك ئوزۇقلۇق ــ يېمەكلىكلەرنى پەرق قىلالمايدۇ. مانا بۇ نادانلىقتىن تۇغۇلغان جاھالەت»① دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلار ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانغا بېغىشلانغان «ئەل ئەدۋىيە ئەل قەبىيە» ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىدە ئەكس ئېتىلگەن. دېمەك، ئىبن سىنا مېدىتسىناسى تەبىئەت ۋە ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن سۇغۇرۇلغان، تەبىئەت بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ بىردىنبىر تولۇقلىغان تەبىئەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزەك قىلغان مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولغاچقا، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچ ــ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ماقالىمىزنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىلاۋىنى قوشۇمچە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنانىڭ ئىلىم ــ پەن ئۇتۇقلىرى ئىنتايىن جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىقلىقى، مەزمۇن جەھەتتىن گارمونىيىلىكلىكى ۋە شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىقىغا ئىگە بولغان بۈيۈك ئابىدە بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىنى بۇ بىر پارچە ماقالىدە تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق. ئىبن سىنا تىبابەت ئىلمى جەھەتتىن ھەقىقەتەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان مۆجىزىدار ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىلىم ــ پەننىڭ باشقا كۆپلىگەن تۈرلىرىدىمۇ يېپەك يولى مەدەنىيىتىدە چاقنىغان چولپان. شۇڭا، ئىبن سىنانىڭ تىبابەتچىلىك ئۇتۇقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، ئەخلاق، قانۇن، مۇزىكا قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدىكى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە يەكۈنلەش نۆۋەتتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۈگۈن 21 ــ ئەسىر — ئۈچىنچى مىڭ يىللارنىڭ ھارپىسىدا ياشاۋاتىمىز. ئۈچىنچى مىڭ يىللار دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك قىياس قىلىشىدەك، ئىلىم ــ پەن ئەسىرى، ئىنتېرنېت (ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر) ئەسىرى بولىدۇ. مىڭ يىلنى بىرلىك قىلغان بۇ بەھەيۋەت ئۆچلەمچى ئەسىر ئىبن سىنا نامايەندە قىلغان 2000 ــ يىللارنى قايتا تەكرارلامدۇ ياكى يېڭى ئىبن سىنالىرى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك يېڭى ئىرانى نىشانلامدۇ؟ دەل مۇشۇ ئىنتايىن بىزنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھېچكىم بۈگۈنكى زامان مېدىتسىناسى «مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئىبن سىنانىڭ مېدىتسىنا سەۋىيىسىگە يەتمەيدۇ» دەپ ئېيتالمايدۇ. بۇنداق قاراش ناھايىتى ئېنىقكى پۈتكۈل پەنلەر تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئەلۋەتتە. لېكىن بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك سىستېمىسىدىكى تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن روھىي پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان داۋالاش شەكىللىرى، دورا تەركىبلىرى، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ۋە مىقدارى قاتارلىق مىكرولاشقان تىب مەزمۇنلىرى ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ شۇ خىل مەزمۇنلىرىدىن روشەن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا. ۋەھالەنكى، بىز ھازىرغىچە بۇنداق ئەۋزەللىكلەرنىڭ زادى قانداق كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلىرىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلمىدۇق. شۇنداقلا يىپەك يولى مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، باي ۋە رەڭدارلىقى، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي سىستېمىلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن ئىبن سىنا تىب قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە

---

① «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ــ يىلى، 50 ــ، 51 ــ بەتلەر.

يورۇتۇلمىدى. 1997 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى «ئۇيغۇرلاردا تىبابەت» نامىدا قىممەتلىك ھۆججەتنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ كىتاب ئەسلىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى قوليازما يادىكارلىققا ئاساسەن ئىشلەنگەن. بۇ قىممەتلىك يادىكارلىق بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنى پروفېسسور، دوكتور رەشىد رەھمەتى ئارات 1932 ـ يىللىرى نېمىس تىلىدا نەشرگە تەييارلاپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. پروفېسسور دوكتور ئا. سۈھەيىل ئەنۋەر بۇ يادىكارلىقنىڭ تۈركچە ۋە نېمىسچە تەرجىمىلىرىنى ئۆزىنىڭ تىۋپلىق كۆز قارىشى بويىچە قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ، ھەمدە بۇ يادىكارلىق ئاساسىدا ئۇيغۇر تىبابىتى ھەققىدە بىر مۇلاھىزىسىنى قوشۇپ، 1936 ـ يىلى ئىستانبۇل يېڭى تەتقىقات نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. دوكتۇر ئا. سۈھەيلىنىڭ بۇ يادىكارلىق ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇئەللىملارغا ئۇستاز بولغان ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بىر تىبابەتكىمۇ ئىگە ئىدى ۋە ئەتراپىكى ئەللەرگىمۇ تارقاتقان ئىدى①. «يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تىبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، تۈركى ئىرپانىنى، ئىلىمنى، تىبابەتچىلىكنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى.» دەرۋەقە، VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۇيغۇر تىبابەت يادىكارلىقىدىكى كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى، دورا ـ دەرمەك ۋە ئۇلارنى تەييارلاش شەكىللىرى، ماددىي داۋالاش بىلەن روھىي داۋالاش (بەدەن بىلەن روھىيەت) نى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىق ھالقىلىق داۋالاش نۇقتىلىرى ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» دىكى تىب قائىدىلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر مەنبەلىك تىبابەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ناملىق بۇ تىبابەت دەستۇرىغا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردىكى داڭلىق ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇد ەررىسى ئىمادىددىن قەشقەرى تۇنجى قېتىم (XII ئەسىردە) شەرھى يازغان ۋە شۇ دەۋرنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۇنى دەرسلىك قوللانما قىلغان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىر مابەينىدە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى يوقاتماي كەلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئىبن سىنا تىبابەتچىلىكىنىڭ بىۋاستە داۋامى ۋە راۋاجى بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىبابىتى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى تېخى يېتەرلىك تونۇپ يەتكىنى يوق. ياۋروپا ۋە ئەرەب دۇنياسىغا بۈندىن 8 ـ 9 يۈز يىل مۇقەددەم تونۇشلۇق بولغان «ئەلقانۇن» ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىغاچقا، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ھەتتا تىبابەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تىببىي خادىملارمۇ بۇ بۈيۈك دەستۇرنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەر. ئۇيغۇر تىبابىتى مۇندىن مىڭ يىللار مۇقەددەم دۇنيادا مەشھۇر بولغان جۇڭگو تىبابىتى ۋە ھىندى تىبابىتى بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلىنىپ، ئىبن سىنا ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقىلىپ، غەرب تىبابىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەتتا ناھىيە بازارلىرىدىن تارتىپ مەركىزىي شەھەرگىچە ئۇيغۇر تىبابەت ئورۇنلىرىدىن نەچچە ئونى قۇرۇلۇپ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈپەت جەھەتتىكى ئىناۋىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بۇ ھال بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇنداق دېمەك قاراشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىبابىتى پەقەت ئىبن سىنا روھى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، دۇنيانىڭ ئىلغار تىبابەت ئەنئەنىلىرىدىن ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەندىلا، «ئۆلۈمگە ئامال قىلىش» تەك تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلالايدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

---

① ②«ئۇيغۇرلاردا تىبابەت» ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، 1 ـ ، 5 ـ بەتلەر.

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第 20 卷第 4 期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999 年 12 月

# گۆھەر زېمىن - شىنجاڭ

## 10. ئالتاي ۋىلايىتى

مۇھەممەت ئوسمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى، مەمۇرىي رايونى، نوپۇسى ۋە ئۇنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، بايلىق ئۈستۈنلۈكى، ئورۇن ئەۋزەللىكى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文系统介绍阿勒泰地区发展简史，建置沿革,人口及民族构成,地理条件,资源与地缘优势,社会结构,经济发展现状及趋势等基本情况。

**Abstract**: This article systematically introduces the simple history of development of the Altai Area, administrative division, population, national composition, geographical conditions, superioty of natural resources, superioty of territory, social structure, the status quo and the tendency of economic development and other basic situations.

ئالتاي ۋىلايىتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۈچ چوڭ مەمۇرىي رايونىنىڭ بىرى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. جەنۇبىي تەرىپى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي كەڭلىك 35,59°44″ ئارقىلىق سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي جەنۇب تەرىپى ساۋۇر تېغىنىڭ تاغ ئومۇرتقىسى ئارقىلىق تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى قازاقىستان بىلەن، شىمالىي تەرىپى رۇسىيە بىلەن، شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تەرىپى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن بولغان چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1205 كىلومېتىر. زېمىنىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 464 كىلومېتىر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 402 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 117 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئىلى ئوبلاستى يەر مەيدانىنىڭ 43.47% تىنى، ئاپتونوم رايون يەر مەيدانىنىڭ 7.05% تىنى تەشكىل

* مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

قىلىدۇ.

ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 1 شەھەر (ئالتاي)، 6 ناھىيە (بۇرچىن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، قابا، چىڭگىل، جىمىنەي) قارايدۇ. ئالتاي شەھىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي.

ۋىلايەت تەۋەسىدە 8 بازار، 42 يېزا، ۋىلايەتكە قاراشلىق 4 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى، 4 ئورمانچىلىق مەيدانى بار. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 9 پولك مەيدانى ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 8 كارخانا ئورۇنلىرى بار.

ئالتاي ۋىلايىتى قازاقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي. ۋىلايەت تەۋەسىدە قازاقلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، رۇس، ئۆزبېك، تاتار، مانجۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بار. بۇلاردىن باشقا، يەنە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان دۇڭشياڭ، سالا، زاڭزۇ قاتارلىق بىر قىسىم نوپۇسى ئاز مىللەتلەرمۇ بار. ۋىلايەت تەۋەسىگە جايلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ قارمىقىدىكى 9 پولك مەيدان ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بېلىقچىلىق مەيدان ـ كانالارنىڭ 46 مىڭ 378 نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، ئالتاي رايونىنىڭ 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 609 مىڭ 195 گە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن 8.10 ھەسسە ئاشتى. ھەمدە بۇ نوپۇس شۇ يىلى ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 15.62% تىنى ئىگىلىدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 562 مىڭ 817 نوپۇسنى ئاساس قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 321 مىڭ 401 بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 57.11% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللەت تەركىبى بويىچە ئالغاندا، قازاقلار 280 مىڭ 953، ئۇيغۇرلار 10 مىڭ 111، خەنزۇلار 241 مىڭ 416، خۇيزۇلار 19 مىڭ 290، قىرغىزلار 78، موڭغۇللار 5 مىڭ 616، شىبەلەر 83، رۇسلار 362، ئۆزبېكلەر 358، تاتارلار 1 مىڭ 155، مانجۇلار 317، داغۇرلار 10، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 3 مىڭ 68. ئومۇمىي نوپۇستا قازاقلار 49.92% نى، ئۇيغۇرلار 1.80% نى، خەنزۇلار 42.89% نى، خۇيزۇلار 3.43% نى، قىرغىزلار 0.01% نى، موڭغۇللار 1.00% نى، شىبەلەر 0.01% نى، رۇسلار 0.06% نى، ئۆزبېكلەر 0.06% نى، تاتارلار 0.21% نى، مانجۇلار 0.05% نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 0.56% نى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 39.71% نى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 60.29% نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئىچىدە دېھقانلار 52.59% نى، چارۋىچىلار 33.29% نى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشقا كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 14.12% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتى باشقۇرۇشىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە، خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ سانى 207 مىڭ 200. ئۇلارنى ئۈچ چوڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىغاندا، 1 ـ كەسىپتىكىلەر 55.0% نى، 2 ـ كەسىپتىكىلەر 15.0% نى، 3 ـ كەسىپتىكىلەر 30.0% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يەرلىك ۋە بىڭتۇەننىڭ نوپۇسىنى قوشۇپ ھېسابلاپ، ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى بويىچە ئالغاندا، نوپۇسنىڭ زىچلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 5.2 ئادەمدىن، دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئاساس قىلغان كۆلىمى چەكلىك، تارقاق جايلاشقان بوستانلىقلىرى بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 394.6 ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ. نوپۇسنىڭ زىچلىقى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسى ئوتتۇرىچە

زىچلىقىدىن 3 ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە ئورۇن ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان يېڭى ئىقتىسادىي رايون. ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي چېگرا تارىختا ئالتاي رايونىنى مۇڭغۇل ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋرو - ئاسىيا بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تۈگۈنگە ئايلاندۇرغان، ئۇ شىمالدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، قوشۇلۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى مەركىزىي رايونلارنىڭ بىرى بولغان. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە بۇ مۇنبەت زېمىندا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىگىلىك تىكلەپ، ئالتاي رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك ئاساس سالغان. ھەمدە ئالتاي رايونىنىڭ پارلاق تارىخىنى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى قوشقان.

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى ئارىلىقىدىكى ئېرتىش ۋە ئولۇنگۇر دەريا ھاۋزا رايونىغا جايلاشقان. ئۇ قەدىمدىنلا مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن تارىخىي ۋەقە ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن مەشھۇر ئالتاي تېغىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئالتاي رايونى خەن دەۋرىدە ھونلارغا تەۋە بولغان. ئۈچ بەگلىك زامانىدا سىيانپىلارغا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئاۋارلارغا قارىغان. شىمالىي جۇ دەۋرىدىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە تۈركلەرگە قارىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قارلۇقلارغا قارىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نايمانلار بولۇپ، غەربىي لياۋغا قارىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداي ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى شىراغىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرغاتلار غەربكە سۈرۈلگەندىن كېيىن، ئويرات، مۇڭغۇل، جۇڭغار قەبىلىلىرى كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئويرات، مۇڭغۇل، جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ مال باقىدىغان يېرى بولغان. كېيىن جۇڭغار قەبىلىلىرى شەرققە يۆتكەلگەندە، بۇ جايدا يېڭى خۇشۇت، يېڭى تۇزغات قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چىڭ سۇلىسىنىڭ چىيەنلۇڭ مەزگىلىدە، قازاقلار كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەرگە ماكانلاشقان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى (1905 - يىلى) بۇ زېمىن قوبدۇ ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرۇلۇپ، ئامبال قويۇلغان ۋە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولغان. 1916 - يىلدىن كېيىن ئالتاي ئىش باشقۇرۇش ئەمەلدارلىقى تەسىس قىلىنغان. 1919 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان، ھەمدە ۋىلايەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن بىرگە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى يولغا قويۇلۇپ، 1919 - يىلى بورچىن ناھىيىسى، 1921 - يىلى ئالتاي (سار سۇمبە) ناھىيىسى ۋە بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، 1930 - يىلى جىمنەي ۋە قابا ناھىيىسى، 1941 - يىلى كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل ناھىيىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلىندى. 1933 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئالتاي رايونى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازات قىلىنىپ، بارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قايتىدىن تەسىس قىلىندى ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى بېكىتىلدى. 1946 - يىلى ئالتاي رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، تەپتىش ئەمەلدارى قويۇلدى. 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئالتاي رايونلۇق

مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1954 ـ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، يەتتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتاي رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى ئالتاي ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىلى ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. 1979 ـ يىلىدىن بېرى ئالتاي رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تېغى بىلەن ساۋۇر تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېرتىش ۋە ئۇلۇنگۇردىن ئىبارەت ئىككى دەريا ھاۋزا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاغلىق ـ ئېدىرلىق ۋە دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. يەر شەكلى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇب قىسمى ئايرىم ھالدا ئالتاي ۋە ساۋۇر تاغلىقىدىن، جەنۇبىي قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقى چۆللىكىدىن، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش ۋە ئۇلۇنگۇر دەريا ۋادىسى ۋە ئېدىرلىق بەلباغلاردىن ئىبارەت. يەر ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، شىمالىي قىسمى ئېگىز، جەنۇبىي قىسمى پەس بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى دەريا ۋادىلىرىدىن شىمالغا قاراپ پەلەمپەي شەكلىدە تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدۇ. ئېگىز تاغلار ئاساسەن ۋىلايەتنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. ئالتاي تېغىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قىسمى پەقەت ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ ئانچە كەڭ بولمىغان جەنۇبىي باغرىدىن ئىبارەت. تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى 800 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قابا، بورچىن، ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل قاتارلىق بەش ناھىيە بىر شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمالى قىسمىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 ـ 4000 مېتىرغىچە بولۇپ، ئەڭ ئېگىز جاي ھېسابلانغان دوستلۇق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىرغا بارىدۇ. غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ساۋۇر تېغىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قىسمى پەقەت شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي باغرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ـ 3000 مېتىرغا بارىدۇ. بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يازلىق ئوتلاقلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تاغ ئالدى ئېدىرلىق ـ تۈزلەڭلىكلىرى ۋىلايەتنىڭ مۇھىم ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلاقلىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 750 ـ 1500 مېتىرغا بارىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېرتىش ۋە ئۇلۇنگۇر دەريا ۋادىسىدىن ئىبارەت ئېقىندى تىنما تۈزلەڭلىك بىلەن تارقاق جايلاشقان ئېدىرلىقلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق تېرىقچىلىق رايونى ۋە ئوت ـ چۆپ ئالىدىغان مەيدانى، شۇنداقلا بىر قەدەر ياخشى قىشلىق ئوتلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ـ 750 مېتىرغا بارىدۇ، يەر ۋەزىيىتى شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس. ئەڭ پەس جاي مۇشۇ بەلباغقا جايلاشقان ئاتالاق قۇدۇقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ساسلىق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 338 مېتىر كېلىدۇ. ۋىلايەتنىڭ جەنۇبىي قىسمى قۇربان توڭغۇت چۆللىكىنىڭ شىمالىي قىسمى بولۇپ، ئانچە ئېگىز بولمىغان تۇراقلاشقان ۋە يېرىم تۇراقلاشقان بارخانلاردىن ئىبارەت. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ـ 650 مېتىرغا بارىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، يەر شەكلىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى تېپىلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى ئىچىدە تاغلىق %32 نى، ئېدىرلىق ۋە تۈزلەڭلىك %22 نى، چۆللۈك %46 نى تەشكىل قىلىدۇ.

كىلىماتى سالقىن مۆتىدىل قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىمات تىپىغا كىرىدۇ. لېكىن يەر شەكلى، جۇغراپىيىلىك كەڭلىك ۋە ھاۋا رايى سىستېمىلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كىلىماتىنىڭ ئىچكى پەرقى بىر قەدەر چوڭ. ۋىلايەت دائىرىسىدىن ئالغاندا، كىلىماتىدىكى بۇ پەرق ئاساسەن جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ، دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرى بىلەن تاغلىق رايونلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىككى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىنىڭ غەربى بىلەن شەرقىنىڭ كىلىماتىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلىق رايونلاردا كىلىماتىنىڭ ۋېرتىكال بەلباغلىقى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ۋېرتىكال كىلىمات بەلبېغىنى شەكىللەندۈرگەن. كىلىماتىدىكى بۇ پەرقنى يىغىنچاقلىغاندا، ئەتىياز پەسلى قۇرغاق ھەم شامالliق؛ ياز پەسلى قىسقا ھەم ئىللىق، كۆپ ھۆل ـ يېغىنلىق. قىش پەسلى ئۇزاق ھەم سوغاق، كۆپ بورانلىق، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق ھەم يىللىق پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغلىق ـ ئېدىرلىق

بەلباغلاردا 3℃ دىن تۆۋەن، دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 4℃ دىن يۇقىرى بولۇپ، جەنۇبىدىكى چۆللۈكتە 6℃ ـ 8℃ قا بارىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغلىق ـ ئېدىرلىقلاردا 16℃ — 20℃ قا، دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 22℃ — 24℃ قا، جەنۇبىدىكى چۆللۈكتە 26℃ قا بارىدۇ. 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغلىق ـ ئېدىرلىقلاردا 12℃ ـ تىن 18℃ ـ قا، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردا 23℃ ـ تىن 28℃ ـ قا، دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 16℃ ـ تىن 21℃ ـ قا، جەنۇبىدىكى چۆللۈكتە 19℃ ـ تىن 20℃ ـ قا بارىدۇ. ئوتتۇرا قىسىمىدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە يىللىق ئوتتۇرىچە ئاپتاپ ۋاقتى 2700 ـ 3200 سائەتكە، تاغلىق رايونلاردا 2000 ـ 2700 سائەتكە بارىدۇ. سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ قا تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇرا قىسىمىدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 2500℃ ـ 2900℃ قا، تاغلىق ـ ئېدىرلىق ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردا 1800℃ قا بارىدۇ. قىرۇۋسىز مەزگىلى ئوتتۇرا قىسىمىدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 120 ـ 140 كۈن، تاغلىق ـ ئېدىرلىق بەلباغلاردا 90 كۈنگە بارىدۇ. دېمەك، ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ بۇ خىل پەرقلىق تارقىلىشى، ئالتاي رايونىنىڭ زىرائەت قۇرۇلمىسىنىڭ رايونلۇق پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇلاردىن باشقا، كلىماتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ھۆل ـ يېغىنى تەكشى تارقالمىغان، رايونلۇق پەرقى ناھايىتى چوڭ. ئادەتتە تاغلىق رايونلاردا كۆپ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز؛ شىمالىي قىسىمدا كۆپ، جەنۇبىي قىسىمدا ئاز؛ غەربىي قىسىمدا كۆپ، شەرقىي قىسىمدا ئاز. تاغلىق ـ ئېدىرلىقلاردا يىللىق ھۆل ـ يېغىن 350 ـ 600 مىللىمېتىر، ئوتتۇرا قىسىمدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىدە 200 مىللىمېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىدىكى جۇڭغار چۆللۈكىدە 100 مىللىمېتىردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. غەربىي تەرىپىدىكى تاغلىقلارنىڭ شاماللىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم جايلىرىدا 800 مىللىمېتىرغا يېتىپ بارىدۇ، ئالتاي شامال كۆپ چىقىدىغان رايون، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدىن ئالغاندا، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 4m/s دىن ئاشىدىغان شامال كۈنلىرىنىڭ سانى 187 كۈنگە يېتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەتتە چوڭ شاماللىقنىڭ بىرى بولغان ئېرتىش دەريا ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى شاماللىق ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى قابا، بورچىن ۋە جېمىنەي ناھىيىلىرىنىڭ دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرىگە تارقالغان. شامال ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى مىقدارى 78 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ، شامال ئېنېرگىيە بايلىقى مول، ئېچىپ پايدىلىنىش يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور.

ۋىلايەت تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك 56 دەريا ئېقىن بولۇپ، ئۇلار ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنگۇر دەرياسى ۋە جېمىنەي دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەريا سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ يەر ئۈستى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 13 مىليار 370 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى دەريالار يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 36.33% تىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دەريالار يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 14.7% تىنى ئىگىلەيدۇ. دەريالىرى ئېرىگەن مۇز ـ قار سۇلىرى بىلەن يامغۇر سۈيىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ۋە ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى بىلەن شەرتلەنگەچكە، ئېقىم مىقدارى تۇراقسىز، پەسىللىك ئۆزگىرىشى بىر قەدەر چوڭ. ئۈچ سۇ سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە، ئېرتىش دەريا سۇ سىستېمىسىنىڭ ھاۋزا مەيدانى ئەڭ چوڭ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ كۆپ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 11 مىليارد 900 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئالتاي رايونىدىكى يەر ئۈستى دەريا ئېقىنلىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 91.5% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلى دەرياسىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ دەريا. مەملىكىتىمىزدە بىردىن ـ بىر شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەلقئارالىق دەريا. گەرچە ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يىلىغا 9 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق خوشنا دۆلەت قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان بۇ يەر ئۈستى سۈيى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى دەريا ـ ئېقىنلىرى يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 70.31% تىنى ئىگىلەيدۇ.

قالغان %29.69 يەر ئۈستى سۇيى يەنى 3 مىليارد 970 مىليون كۇب مېتىر سۇ ۋىلايەتنىڭ بىردىن بىر پايدىلىنىدىغان سۇيى بولۇپ قالغان. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر ئاستى سۇيى بىر قەدەر مول، دەريا ئېقىنلىرىدىن سىڭىپ ئۆتىدىغان سۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەر ئاستى سۇيىنىڭ زاپاس مىقدارى 248 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. بۇ يەر ئاستى سۇلىرى ئاساسەن ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرا تاغلىق رايونى بىلەن تاغ ئالدى تىنما تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىغا مەركەزلەشكەن، سۇيى مول، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ياخشى، ئېچىپ پايدىلىنىش يوشۇرۇن كۈچى زور. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئۇلۇڭغۇر، قاناس، تامغا، ئېرىم، ئاقكۆل، ئالاقاق قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بار. بۇلارنىڭ كۆل يۈزى مەيدانى 1001.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆللەر ئومۇمىي مەيدانىنىڭ %18.19 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. قاناس كۆلىدىن باشقىلىرىنىڭ دەريا سۇلىرىنى تەڭشەش ئىقتىدارى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇيى شورلۇق بولۇپ ئىچىشكە بولمايدۇ، پەقەت بېلىق بېقىشقا بولىدۇ. ئۇلۇڭغۇر كۆلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم بېلىقچىلىق بازىسىنىڭ بىرى. ئالاقاق كۆلى ئالتاي رايونىدىكى مەشھۇر تۇزلۇق كۆل بولۇپ سىلىتىرا ۋە ئاشتۇزىنىڭ زاپىسى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. قاناس كۆلى بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئىگە بىردىن بىر تاتلىق سۇلۇق كۆل. بۇلاردىن باشقا، قاتتىق سۇ ئامبىرى ھېسابلانغان ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرىنىڭ مەيدانى 540.8 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلىرىنىڭ سۇ زاپىسى 29 مىليارد 636 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ، دەريا سۇلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دەريالارنىڭ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى ناھايىتى مول. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇ ئېنېرگىيىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 3 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، يىلىغا 9 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات ئېلېكتر توكى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر پايدىلىنىلىۋاتقان سۇ ئېنېرگىيىسى، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئومۇمىي سۇ ئېنېرگىيە زاپىسىنىڭ %2 تىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىش يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر زېمىنى كەڭ، تەبىئىي شارائىتى مۇرەككەپ. كلىمات، يەر شەكلى ۋە سۇ بايلىقى جەھەتتىكى رايونلۇق پەرقلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي قۇرۇلمىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا روشەن پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قارالغان يەر 8 مىليون 462 مىڭ گېكتار بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %72.32 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى %11.30 نى، ئورمانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى %8.12 نى، چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى %80.58 نى ئىگىلەيدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر 956 مىڭ 208 گېكتار بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %11.30 تىنى، ۋىلايەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %8.17 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى 36 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يېرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 117 مىڭ 290 گېكتار بولۇپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنىڭ %12.27 تىنى، ئىلى ئوبلاستىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ %17.35 تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تېرىلغۇ يېرى ئىچىدە بىنەم يەر %3.99 نى تەشكىل قىلىدۇ. بىنەم يەردىن باشقا تېرىلغۇ يەرلىرى ئاساسەن ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەر ۋەزىيىتى بىر قەدەر تەكشى، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇغىرىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ئېرتىش ۋە ئۇلۇڭغۇر دەريا ۋادىسىدىن ئىبارەت ئېقىندى تۈزلەڭلىك بىلەن تارقاق جايلاشقان بىر قىسىم تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارغا مەركەزلەشكەن. خېلى بىر قىسىم تېرىلغۇ يېرى تەبىئىي ئۇنۇمدارلىقى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا ھوسۇللۇق يەرلەردىن ئىبارەت. قالغان يېرىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلەشتۈرۈشتە

ماددىي ۋە تېخنىكىلىق سېلىنمىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئۇنۇمى ناچار يەرلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، دېھقانچىلىقتا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەمدە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان يەرلىرى ھازىرچە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوتلاق بايلىقى مول، تۆت پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى چوڭ، ئوت ـ چۆپلىرىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، ئوتلاقلىرىنىڭ چارۋا مال سىغىمى بىر قەدەر يۇقىرى. ئوتلاقلىرى ئاساسەن شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا ـ پەس تاغ، ئېدىرلىقلار بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرى ۋە جۇڭغار چۆللۈكىنىڭ شىمالىي چەتلىرىگە مەركەزلەشكەن. ھازىر پايدىلىنىلىۋاتقان تۆت پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى 6 مىليون 818 مىڭ 392 گېكتار بولۇپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەرنىڭ %58.80 تىنى، ئىلى ئوبلاستى تۆت پەسىللىك ئوتلاقلىرىنىڭ %21.35 تىنى، ۋىلايەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %28.58 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ زور چارۋا مال سىغىمى 14 مىليون تۇياق قوي بىرلىكىگە بارىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئورمان بايلىقى مول. ئورمانلىرى ئاساسەن تاغلىق رايونلار بىلەن دەريا ۋادىلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئورمان مەيدانى 687 مىڭ 400 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ رايونىدىكى تەبىئىي ئورمانلارنىڭ مەيدانى 512 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي ئورمان مەيدانىنىڭ %6.74 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئورمانلار ئاساسەن تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى بىلەن ساۋۇر تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 ـ 2800 مېتىرغىچە بولغان تاغ رايونلىرىغا تارقالغان. بولۇپمۇ بورچىن، قابا ۋە كۆكتوقاينىڭ تاغ رايونلىرىغا ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن. بۇ تەبىئىي تاغ ئورمانلىرى كۆپرەك سىبىرىيە بالقارىغىيى، سىبىرىيە شەمشىتى، شەمشات ۋە قىزىل قارىغايلارنى ئاساس قىلىدۇ. قالغان ئورمانلىرى ئاساسەن دەريا ۋادىلىرىدا قايىتتىن ئۆسۈپ چىققان ئورمانلار ۋە سۈنئىي ئۆستۈرۈلگەن ئورمانلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ مەيدانى 174 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي ئورمان مەيدانىنىڭ %4.25 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان تۈرى كۆپرەك تېرەك بىلەن قېيىن دەرىخىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە ۋىلايەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ جۇڭغار چۆللۈكىدە سۆكسۆك، يۇلغۇن قاتارلىق قۇرغاققا، سوغاققا چىدامىلىق چاتقاللار بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، ۋىلايەتنىڭ ئورمان مەيدانى يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېرىنىڭ %12.8 تىنى، ۋىلايەت يەر مەيدانىنىڭ %88.5 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمانلىقنىڭ ئومۇمىي ياغاچ زاپىسى 91 مىليون 116 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئورمىنى تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ، دەرەخ تۈرىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى بىلەن باشقا رايونلاردىن پەرق قىلىدۇ. تاغ ئورمىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆلىمى ۋە ياغاچ زاپىسى جەھەتتە ئىلى ۋىلايىتىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تەبىئىي ئورمانلىق ھېسابلىنىدۇ، چۆللۈك، ئېدىرلىق ۋە قۇرغاق تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت ئورمانسىز يېرىنىڭ كەڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئورمانىنىڭ قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئاران %94.4 كە بارىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە تەبىئىي شارائىتى، ئەۋزەل تاغ ئورمان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تەۋەسىدىكى جانلىق ئورگانىزملار ئۈچۈن خىلمۇ ـ خىل ياشاش مۇھىتى ياراتقان. شۇڭا ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ، بايلىقى مول. ۋىلايەت تەۋەسىدە مەملىكەت ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر 220 تۈرگە، ئاز ئۇچرايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر 100 تۈرگە بارىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا پايدىلىنىلىدىغان قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قار لەيلىسى، كەتىرا، ھىڭ، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، قىزىل چوغلۇق، قۇرۇت ئوت، قان تىپەر، سىبىرىيە ماڭدارى، قالپاقلىق زەمبۇرۇغ (موگو) قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلىرىدىن قۇندۇز (قاما)، ئارقار، تاغ تىكىسى، قارا ياۋا توخۇ، چىل، ئۇلار، قىزىل تۈلكە، تاپىر، بورسۇق ، قارا بولغۇن، تىيىن، قوڭۇر ئېيىق، مۇڭغۇل ياۋا ئېتى، جۇڭغار ياۋا ئېشىكى، جەرەن، قارا تايغان بۈغا، قار يىلپىزى، قار توشقىنى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، ۋىلايەت تەۋەسىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون

دەرىجىلىك تەبىئىي ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى قوغداش رايونىدىن ئۈچى بار. بۇلار بورگىن قاما مۇھاپىزەت رايونى، قارامايلى تېغى تۇياقلىقلار مۇھاپىزەت رايونى ۋە قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كان بايلىقى مول، تۈرى كۆپ، ئۆز ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەتنىڭ مەشھۇر ئالتۇن، رەڭلىك مېتال ۋە ياقۇت كان رايونى. ئۇزۇندىن بېرى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئالتايدا 72 جىلغا بار، جىلغىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالتۇن بار» دەيدىغان گەپلەر ھەرگىزمۇ كۆپتۈرمە ئەمەس. ھازىرچە تېپىلغان كان بايلىقلىرى 11 چوڭ خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 84 تۈرگە بارىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا تېپىلغان كان تۈرىنىڭ 71.19% تىنى ئىگىلەيدۇ. كان بايلىقلىرىنىڭ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدارى بويىچە بېرىللىي، ئاق چىرىمتال، كالىي شپاتىدىن ئىبارەت 3 تۈر مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا، 12 تۈر مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. مىس، نېكىل، قوغۇشۇن، رۇخ (سىنىك)، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق 21 تۈر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. دەسلەپكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە ئېنىقلىنىپ بولغان 41 تۈر كان مەھسۇلاتى زاپاس مىقدارىنىڭ قىممىتى 56 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولغان. تەۋەسىدىكى قارىتۇڭگۇ مىس ـ نېكىل كانى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ زور مىس ـ نېكىل كانى. رەسمىي ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقان ئاشلى مىس كانىدا، مىس رودىسى بىلەن بىرلىكتە يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، رۇخ، تۆمۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كۆپ تەركىبلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىقتىسادىي قىممىتى ئىنتايىن زور، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككىنچى چوڭ مىس بازىسى بولۇپ قالىدۇ. كان بايلىقى جەھەتتىكى بۇ ئەۋزەل شارائىت ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ زور بايلىق ئۈستۈنلىكى بولۇپ، ئالتاينى ئېچىش ۋە ئۇنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم مالىيە مەنبىيى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە قاتناش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئالدىنقى مەزگىللەردە كان قېدىرىش ۋە ئېنىقلاش خىزمەتلىرى ئانچە چوڭقۇرلاشمىدى، تېپىلغان خېلى بىر قىسىم كان بايلىقلىرى ئېچىپ پايدىلىنىلمىدى. ئېچىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىرىنىڭ سانى ئاز، ئايرىم شارائىتى بىر قەدەر ياخشى يىرىك كانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسى تۆۋەن.

ئالتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازىلارنىڭ بىرى. خەلق ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا، سانائىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۆزگەردى، ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەڭشەپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ساھەلەرنى كۈچەيتتى. ئاشلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تاۋار بازىلىرى قۇرۇلۇشى تېزلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەت يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋىلايەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. بۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسىي خام ئەشيا قىلغان يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم ۋە يېمەكلىكتىن ئىبارەت يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 145 مىليون 845 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1995 ـ يىلىدىكىدىن 5.7% ئاشقان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 52.31% نى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 14.87% نى ئىگىلىگەن. 1996 ـ يىلىدىكى يېزا

ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە چارۋىچىلىق 53.63% نى، دېھقانچىلىق 44.15% نى، ئورمانچىلىق 0.66% نى، بېلىقچىلىق 1.56% نى ئىگىلىگەن. دېمەك، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ۋىلايەت يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىككى چوڭ تايانچ كەسىپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئالتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. چارۋىچىلىقى يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىدا مەھسۇلات قىممىتى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان، ئوتلاق چارۋىچىلىقى ئاساس، يېزا - قىشلاق چارۋىچىلىقى نۇقتا قىلىنغان، سىغىن ئىنەك ۋە ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى يولغا قويۇلغان ئاساسى كۈچلۈك، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە يىرىك ئىگىلىك. ۋىلايەت تەۋەسىدە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىدىن تۆتى، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىدىن ئۈچى بار. بۇ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىلەر پۈتۈن ۋىلايەتتىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ 57.14% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى تەبىئىي ئوتلاقلار بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، ئوت - چۆپ مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى. ۋىلايەت تەۋەسىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان تۆت پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى 6 مىليون 818 مىڭ 392 گېكتارغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق ئوتلاقلىرى 34.01% نى، ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلاقلىرى 36.40% نى، قىشلىق ئوتلاقلىرى 29.59% نى ئىگىلەيدۇ. يازلىق ئوتلاقلىرى ئاساسەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 - 3000 مېتىرغىچە بولغان تاغ رايونلىرىغا، ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلاقلىرى پەس تاغلىق رايون بىلەن دەريا جىلغىلىرىغا، قىشلىق ئوتلىقى ئوتتۇرا قىسمىدىكى دەريا ۋادى تۈزلەڭلىكلىرى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى چۆللۈكلەرگە تارقالغان. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بۇ ئوتلاقلارنىڭ نەزەرىيىۋى چارۋا - مال سىغىمى 14 مىليون قوي بىرلىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق ئوتلاقلار 47.23% نى، ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلاقلار 28.78% نى، قىشلىق ئوتلاق 23.99% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس ئوت - چۆپ ئالىدىغان مەيدانى 62 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان سۇنئىي سۇغىرىلىدىغان ئوتلىقى بار. چارۋىچىلىقىدا قويچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. 1996 - يىلىدىكى چارۋا - ماللىرىنىڭ سانى 4 مىليون 120 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇ يىلدىكى چارۋا مال ئومۇمىي سانىنىڭ 32.72% تىنى تەشكىل قىلدى. چارۋىچىلىقتا شۇ يىلى 48 مىڭ 223 تونىنا گۆش، 3708 تونىنا قوي يۇڭى، 1 مىليون 116 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 50 مىڭ 337 تونىنا سۈت، 1749 تونىنا ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمى ئىشلەپچىقاردى، ھەممە 3448 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى بازارغا سېلىندى. 1996 - يىلى ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق تاۋار مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 404 مىليون 38 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي تاۋار مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 63.11% تىنى ئىگىلىدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېرى مۇنبەت، سۇ تۇپراق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، تېرىقچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەمدە دېھقانچىلىقتا پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان يەرلىرى ئاساسەن ئۈزلەشتۈرۈلگەن. سۇغىرىش شارائىتى، تۇپراق سۈپىتى ۋە ئوتلاقلار بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تېرىلغۇ يېرىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى ھازىرچە قىيىن. گەرچە تېرىلغۇ يېرى 117 مىڭ 290 گېكتار بولسىمۇ، لېكىن دەريا ۋە ماشىنا قۇدۇق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئۈنۈملۈك تېرىلغۇ يېرى 97 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 82.70% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، تېرىلغۇ يېرى چەكلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتاي رايونىنىڭ ئىسسىقلىق بايلىقى ئانچە يېتەرلىك ئەمەس، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى ئاز، زىرائەت قۇرۇلمىسى ئاددى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇغداينى ئاساس قىلغان ئاشلىق زىرائەت قۇرۇلمىسى ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلانغان. شۇڭا ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىقىدا ھازىرقى چەكلىك تېرىلغۇ يېرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،

ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، زىرائەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە مايلىق دان، قىزىلچا، كۆكتات قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ھازىرقى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كەسپىلىشىش، تاۋارلىشىش، زامانىۋىلىشىش ۋە كۆلەملىشىش تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. 1996 ـ يىلى ۋىلايەتنىڭ 96 مىڭ 960 گېكتار تېرىلغۇ يېرىدە ئەمەلىي تېرىقچىلىق ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 53 مىڭ 950 گېكتار (ئەمەلىي تېرىقچىلىق ئېلىپ بېرىلغان يېرىنىڭ %55.64) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (بۇنىڭ ئىچىدە %76.37 يەرگە بۇغداي)، 5400 گېكتار (%5.57) يەرگە مايلىق دان، 3980 گېكتار (%4.10) يەرگە قىزىلچا، 540 گېكتار (%0.56) يەرگە كۆكتات، 160 گېكتار (%0.17) يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز، 600 گېكتار (%0.62) يەرگە ياڭيۇ ـ پۇرچاق، 32 مىڭ 330 گېكتار (%33.34) يەرگە بېدە قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىپ، شۇ يىلى 185 مىڭ 905 توننا ئاشلىق، 8456 توننا مايلىق دان (بۇنىڭ ئىچىدە %87.09 نى ئاپتەپپەرەس)، 138 مىڭ 707 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ 230 توننا كۆكتات، 10 مىڭ 899 توننا ياڭيۇ ۋە پۇرچاق ـ دادۇر، 3653 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ئىشلەپچىقاردى. ھەمدە 200 توننا ئالمىنى ئاساس قىلغان ھۆل مېۋە بازارغا سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن 1996 ـ يىلى ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق تاۋار مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 219 مىليون 574 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي تاۋار مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %34.30 تىنى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىلدە، بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى مەزگىلدە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كانچىلىق سانائىتى ۋە مىللىي قول سانائەت ئاساسىدىكى ئاددىي يەرلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ناھايىتى تېز بولدى. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە سانائەت قۇرۇلمىسى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ئاساسىدا مۇۋاپىق تەڭشىلىۋاتقان، كەسپىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەھسۇلات قۇرۇلمىسى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە بازار ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلىشىۋاتقان رەڭلىك مېتال، كۆن ـ خۇرۇم، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، سېمونت، گىلەمچىلىك، قەغەزچىلىك، ھاراق ئىشلەش، شېكەرچىلىك، دورا تەييارلاش، مەتبەئەچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك سانائىتى قاتارلىق كەسپىي تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. سانائەتنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. سانائەت ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان سالمىقى زور دەرىجىدە ئاشتى. قىسقىغىنە 16 يىل ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى سالمىقى 1980 ـ يىلىدىكى %15 تىن 1996 ـ يىلىدىكى %47.69 كە كۆتۈرۈلدى. ھازىر سانائىتى يېزا ئىگىلىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ ئىگىلىك بولۇپ قالدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە يېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى 394 كە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 133 كارخانىدىن باشقىلىرى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىك، مۇقىم مۈلۈك قىممىتى ئاز، مەبلىغى چەكلىك، مەھسۇلات قىممىتى ئانچە يۇقىرى بولمىغان كىچىك كارخانىلاردىن ئىبارەت. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1996 ـ يىلى ياراتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 44 مىليون 470 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1995 ـ يىلىدىكىدىن %12.98 ئاشقان. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە %47.69 نى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇ يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە %15.69 نى ئىگىلىدى. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر قايسى سانائەت تارماقلىرى 1996 ـ يىلى 110 توننا چويۇن، 175 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت ئېلېكتر توكى، 155 مىڭ 694 توننا كۆمۈر، 3000 توننا كوكوس، 150 مىڭ توننا سېمونت، 592 مىليون 80 مىڭ مېتىر سانائەت ياغىچى، 2729 كۇپ مېتىر سۈنئىي تاختا، 86 مىڭ 500 دانە ئۆي جابدۇقى، 8231 توننا فابرىكا قەغىزى، 504 كۋادرات

مېتىر گىلەم، 326 توننا يۇڭ يىپ، 630 مىڭ مېتىر نىلۇن يىپ، 440 مىڭ قۇر كىيىم، 50 مىڭ 977 پارچە خۇرۇم، 20 مىڭ جۈپ خۇرۇم ئاياق، 35 مىڭ 647 قۇر خۇرۇم كىيىم، 1500 توننا ئاشتۇزى، 14 مىڭ 814 توننا شېكەر، 928 توننا هاراق، 13 مىڭ 21 توننا يېمەكلىك ئۆسۈملۈك مېيى، 1244 توننا سۈت مەهسۇلاتى، 288 توننا كونسېرۋا، 459 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 415 توننا پولات قۇيما زاپچاس، 610 توننا قۇيما تۆمۈر زاپچاس قاتارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە بەلگىلىك پايدا يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەت بويىچە 1997 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئالتۇننىڭ مەهسۇلات مىقدارى 1093 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئۇدا ئالتە يىل توننا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۆلەتكە جەمئىي 10 تونندىن ئېشىپ ئالتۇن تاپشۇردى. قابا ۋە كۆكتوقاي ناهىيىلىرى «10 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ناهىيە» ئۇرنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ۋىلايەتنىڭ يېڭى سانائەت مەهسۇلاتلىرى ئىچىدە، بورچىن يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان ئىنچىكە ـ يىرىك ئارىلاشما توقۇلما يۇڭ رەخت، ئىلمە توقۇلما ئەدىيال ۋە «خىسلەتلىك كۆل» ماركىلىق نىلونلار شىنجاڭدىكى داڭدار مەهسۇلات بولۇپ باهالاندى؛ ۋىلايەتلىك كۆن ـ خۇرۇم گۇرۇهى ئىشلەپچىقارغان «ئالتاي تېغى» ماركىلىق خۇرۇم كىيىملەر مەملىكىتىمىزدىكى 10 چوڭ داڭدار مەهسۇلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. كېيىنكى مەزگىلدە يەرلىك بايلىق ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان هازىرقى سانائەت تارماقلىرى ئىچىدە، كۆن ـ خۇرۇم، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كانچىلىق، شېكەرچىلىك ۋە يېمەكلىك سانائىتى، يەم ـ خەشەك تەييارلاش، قەغەزچىلىك ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سانائىتى قاتارلىقلار نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىدىكى ئالتە چوڭ تايانچ كەسپىي ساهە بولۇپ قالدۇ.

بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە يېزا ـ قىشلاق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاق بازارلىرىدا، چارۋىچىلىق، دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەل بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئاساس قىلغان يېزا ـ بازار كارخانىلىرى هەمدە مۇلازىمەت كەسپىي ئورۇنلىرى بارلىققا كېلىپ، يېزا ـ قىشلاق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاددىي كەسپىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئىگە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن كۆپ خىل كەسپىي ساهەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يېزا ئىگىلىكى تايانچ قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي گەۋدىگە قاراپ راۋاجلىنىش قەدىمىنى تېزلەتتى. هازىر ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى هەر خىل يېزا ـ بازار كارخانا ۋە مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ سانى راۋاجلىنىپ 14 مىڭ 695 كە يېتىپ، پۈتۈن ئىلى ئوبلاستىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى سانىنىڭ %21.79 تىنى ئىگىلىدى. بۇ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ 1996 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 149 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ شۇ يىلى ياراتقان ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتىنىڭ %20.93 نى ئىگىلىدى. هازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ئالتاي شەهىرى بىلەن كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، قابا ۋە بورچىن قاتارلىق ناهىيىلەر يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەهسۇلات قىممىتى يۈز مىليوندىن ئاشقان ناهىيىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىسلاهات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى ئىلگىرىكى ئاساسى ئۈستىدە تېز راۋاجلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇهىم رول ئوينىدى. هازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى، بازار ئىگىلىكى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي سودىنىڭ ئېهتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، تاشيولنى ئاساس قىلغان بىر قەدەر مۇكەممەل قاتناش ـ ترانسپورت تورى شەكىللەندى. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2277 كىلومېتىر بولۇپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى ئومۇمىي تاشيول ئۇزۇنلۇقىنىڭ %31.31 نى

تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غول تاشيول 74.53% نى، ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول 25.47% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ترانسپورت ئاساس، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورتى قوشۇمچە قىلىنغان كۆپ تەركىبلىك ئاپتوماشىنا ترانسپورت سىستېمىسى شەكىللەندى. ۋىلايەت تەۋەسىدە يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ سانى 6730 بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 74.58% نى، خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكىسى 25.42% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار 124 قاتناش لىنىيىسىدە يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇپ تۇرىدۇ. 1996 - يىلىدىكى يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 266 مىليون 181 مىڭ 500 ئادەم كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 217 مىليون 770 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى. تاشيوللىرى ئالتاي شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا تەۋەسىدىكى ئالتە ناھىيە بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ زور قاتناش تورىنى ھاسىل قىلدى. ھازىر يېزا - قىشلاقلىرىدىكى 560 كەنتنىڭ 73.57% تىگە ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. تەۋەسىدىكى 216 ۋە 217 دۆلەت تاشيولى ئالتاي ۋىلايىتىنى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. جىمىنەي، ئاقتۆبەك، قىزىل تاۋ (قالۇىن)، تايكەشكەن ئېغىزلىرى ئارقا - ئارقىدىن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن باشلاپ، بۇ ئېغىزلارغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان تاشيوللارنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تاشيولنى ئاساس قىلغان ئاپتوموبىل ترانسپورتىدىن باشقا، يەنە ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى يولغا قويۇلغان. ئالتاي شەھىرى ئايرودرومى كۆلىمى كىچىك، ئاۋىئاتسىيە يولى قىسقا، نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى ئاز، يېقىندىن كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان 3 - دەرىجىلىك ئايرودروم. ئۈرۈمچى ئايرودرومى بىلەن بولغان ھاۋا يولى لىنىيىسىدە ئايروپىلانلار قەرەللىك قاتناپ تۇرىدۇ. بۇ ئالتاي ۋىلايىتى قاتناش - ترانسپورتىنىڭ تولۇقلىما تەركىبى قىسمى بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئۆچۈر كەسپىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ جىددىي ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ پوچتا ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە ئالتاي شەھىرىنى مەركەز قىلغان مۇلازىمەت دائىرىسى كەڭ، ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، كۆپ خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىغا ئىگە پوچتا ئالاقە تورى شەكىللىنىپ ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە پوچتا ئالاقە كەسپى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ سانى 47 گە، كومپيۇتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 27 مىڭغا، پروگراممىلىق تېلېفونلىرىنىڭ سىغىمى 51 مىڭ 200 گە يەتتى. ئالتە ناھىيە بىر شەھەردە GSM رەقەملىك كۆچمە ئالاقىلىشىش يولغا قويۇلدى. سىمسىز چاقىرغۇنىڭ سىغىمى 6000 دىن ئاشتى. ھازىر ۋىلايەتنىڭ پوچتا ئالاقىسىدا مىكرو دولقۇن، سۈنئىي ھەمراھ ۋە نۇر كابېلىدىن ئىبارەت سېترولۇق يەتكۈزۈش تورى شەكىللەندى. 1996 - يىلىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپىي تىجارەت مىقدارى 27 مىليون 509 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 17.4 ھەسسە ئاشتى. ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا تېز يەتكۈزۈش، ماگنىت كارتوچكىلىق تېلېفون، تېلېگرامما، فاكىس، خەلقئارا پېرېۋوت، خەلقئارا تېلېفون ۋە سىمسىز كۆچمە ئالاقىلىشىش قاتارلىق كەسپلەر يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدىكى ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلماقتا.

بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق ئىگىلىكى كەسپىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى بازارلارغا يۈزلىنىپ تەڭشىلىپ بېرىشى ۋە ئىجتىمائىي تاۋار ئىستېمالىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ھەمدە چېگرا سودىسىنىڭ جانلىنىشى، شۇنداقلا قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتنىڭ ئىستېمال تاۋار بازارلىرىدا گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك بازار قۇرۇلمىسىدىكى 4377 توپ ۋە پارچە سېتىش ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا - سېتىق مۇلازىمەت تورى شەكىللىنىپ، ئالتاي شەھىرىنى مەركەز قىلغان، مۇلازىمەت دائىرىسى

كەڭ، تاۋار مەنبەيى مول ھەم تۈرى كۆپ، تاۋار ئوبوروتى جانلانغان، شەھەر بىلەن يېزا ـ قىشلاق بىرلەشكەن يېڭى تىپتىكى سودا بازىرى سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. سودا ئىقتىسادىي مۇھىتىدىكى بۇ يېڭى يۈزلىنىش ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋار بازارلىرىنىڭ كەسىپلىشىش، كۆلەملىشىش ۋە ئۇنىۋېرساللىشىش قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلارغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 816 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇ يىلدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %16.20 تىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ شۇ يىلقى پارچە سېتىلىش ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا %47.35 نى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا %6.31 نى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا %1.18 نى، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا %33.88 نى، باشقا ئىگىلىكتىكىسى %11.28 نى ئىگىلىدى. شەھەر بازار ۋە يېزا قىشلاقلار بويىچە ئالغاندا، شەھەر ـ بازاردىكىسى پۈتۈن ۋىلايەت ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %79.52 نى، يېزا قىشلاقلاردىكىسى %20.48 نى ئىگىلىدى.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش قۇرۇلمىسى كۈچەيتىلىپ، تاشقى ئىقتىسادىي سودا قەدىمى تېزلىشىشكە باشلىدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قازاقىستان، رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىلەن چېگرالىشىش ئورۇن ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ خوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سودىسىنى ئېلىپ بېرىشىغا پايدىلىق شارائىت ياراتقان. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ، تەۋەسىدىكى جىمنەي، ئاقتوبەك، قىزىل تاۋ (قالۋىن)، تايكەشكەن ئېغىزلىرى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جىمنەي ئېغىزى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر تولۇق، مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى كۆپ، تاشيول ترانسپورتى راۋان دۆلەت دەرىجىلىك ئېغىز. 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى. قالغان ئۈچ ئېغىز شارائىتى ئانچە تولۇق بولمىغان پەسىللىك ئېغىزدىن ئىبارەت. دۆلەت تاشقى سودىسى ۋە يەرلىك چېگرا رايون سودىسىدا سىرتقا چىقىرىلىدىغان ماللارنىڭ زور كۆپ قىسمى قازاقىستان ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلگەن جىمنەي ئېغىزىدىن ئۆتىدۇ. ھازىر ۋىلايەتتە تاشقى سودا ئېكسپورت ماللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ سانى 82 گە يېتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكتىكىلىرى قاتناشقان كۆپ قاتلاملىق تىجارەت شەكلىنى ئالغان چېگرا سودا سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ۋىلايەتتىن يۇڭ، كۆن ـ خۇرۇم، كونسېرۋا، شېكەر، ئىسپىرت، ئۇن، ئۈچەي، سويا پۇرچاق، يۇڭ توقۇلما قاتارلىق تاۋارلار ئېكسپورت قىلىنىدۇ. ۋىلايەتنىڭ 1996 ـ يىللىق تاشقى سودىسىدا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 930 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىپ، شۇ يىلدىكى ئېكسپورت ـ ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليون 430 مىڭ دوللار بولدى. ئالدىنقى يىلدىكىدىن %17.86 ئاشتى. تاشقى سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سودا شىرىكلىرى كۆپەيدى. ۋىلايەتنىڭ سىرتتىن كىرگۈزگەن مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليون 40 مىڭ دوللارغا، ئىقتىسادىي ـ تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىم تۈرى 90 گە يەتتى. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتى قازاقىستان، رۇسىيە، سىنگاپور، پاكىستان، موڭغۇلىيە، كورىيە، گېرمانىيە، دانىيە، ياپونىيە قاتارلىق 18 دۆلەت ۋە تەيۋەن ئۆلكىسى بىلەن ئىقتىسادىي سودا ئالاقە

ئورناتتى.

«ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، پەن ـ تېخنىكا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى سالماق قەدەم بىلەن راۋاجلاندى.

ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە پەن ـ تېخنىكا ئاساسى بىر قەدەر پۇختا، بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە، كەسپىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، كۆپ خىل تېخنىكىلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان لاياقەتلىك پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئورمانچىلىق كەسپىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سېپىدا مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات كۈچىگە ئايلاندى. ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى كەسىپلىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى 22 مىڭ 506 گە يېتىپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %31.13 تىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر %1.61 نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر %17.89 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى پۈتۈن كەسپىي تېخنىك خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ %54.06 تىنى ئىگىلەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئالتە ناھىيە بىر شەھەرگە پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم، يېزىلارغا پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تەيىنلەپ پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇشنىڭ تورلاشقان قۇرۇلمىسى كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت تەۋەسىدە ناھىيە (شەھەر)، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. «سەككىزىنچى بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە پەن ـ تېخنىكا تۈرىدىن 77 تۈر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا پىلانىدىكى 10 تۈرنى ئۈستىگە ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 35 تۈر ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا، يەنى 30 تۈر پەن ـ تېخنىكا ئىلغار مۇكاپاتىغا، 5 تۈر يېڭى تېخنىكا ـ يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىپ، ۋىلايەتنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئەسلىدىكى ئاساس ئۈستىدە تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىجتىمائىيلاشقان مائارىپ تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بالىلار مائارىپى، باشلانغۇچ مائارىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قاتلاملىق مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي مائارىپ كۈچەيتىلدى. بالىلار مائارىپىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەسپىي مائارىپ تېز راۋاجلاندۇرۇلدى. ئوتتۇرا مائارىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ساپالىق مائارىپ يولىغا كىرگۈزۈلدى. چوڭلار مائارىپى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. يېزا ـ قىشلاقلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان دېھقان ـ چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزا قىشلاقلاردىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە ياتاقلىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1996 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 294 (مىللىي مەكتەپ 177)، ئوقۇغۇچىسى 77 مىڭ (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 54 مىڭ 719)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 83 (مىللىي مەكتەپ 50)، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 774 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 15 مىڭ 859)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 4757 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 2909)، ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1336 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 755)، يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 729

(مىللىي ئوقۇغۇچىلار 283) گە يەتتى. بۇلاردىن باشقا، يېزا - قىشلاقلاردا دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن 890 قارار ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا كۇرسلىرى ئېچىلىپ، بۇنىڭغا 55 مىڭ 441 كىشى قاتناشتۇرۇلدى. 1985 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە بولغان 11 يىل ئىچىدە چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە لاياقەتلىك بولغانلار 2419 غا يەتتى. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالتاي شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبە مەكتىپى قاتارلىقلار بار.

ۋىلايەتنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەسلەپكى كۆلەمدىكى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە تىببىي تەربىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىغا ئىگە كۆپ قاتلاملىق تىببىي داۋالاش تورى ئاساسەن شەكىللەندى. ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدە سەھىيە ئورگان ۋە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى 114 كە، تىببىي تېخنىكا خادىملىرى 3601 گە، كېسەل كارىۋاتلىرى 2412 گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 6.4 تىببىي تېخنىكا خادىمى، 4.3 كېسەل كارىۋىتى توغرا كەلدى.

ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە ياشاپ كەلگەن قېرىنداش مىللەتلەر بۇ گۈزەل مۇنبەت تۇپراقتا پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، كېيىنكىلەرگە ئالتاي مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى. قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئەسلىتىدىغان تاش قورال، قىيا تاش رەسىملىرى، بالباللار ۋە قەدىمكى قەبرىلەرنى ۋىلايەتنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تارقىلىش ئالاھىدىلىكىدىن ئالغاندا، قىيا تاش رەسىملىرى ئاساسەن تاغلارنىڭ دەريا جىلغىلىرىغا، بالبال ۋە قەبرىلەر ئوتلاقلارغا مەركەزلەشكەن. بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە ئاساسلىقلىرىدىن 7 - 8 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قابا جايىلما نەپىس تاش قورال خارابىلىقى؛ قابا ۋە جىمنەي ناھىيىلىرى تاغلىقىنىڭ دەريا جىلغىلىرىغا كەڭ تارقالغان ئاسىيا - ياۋروپا تاغ - ئوتلاق قىيا تاش رەسىملىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان، ئالتاي ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى؛ كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل ناھىيىلىرىگە مەركەزلىك تارقالغان نەپىس ئىشلەنگەن ئابىدىسىمان تاش بۇغا؛ سامۇت ۋە قاينار تىپىغا كىرىدىغان برونزا دەۋرى بىلەن باغلىق بولغان بالباللار؛ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىلمۇ - خىل قەبرىلەر بار. بۇلاردىن باشقا، كىشىنى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن مەھلىيا قىلىدىغان قاناس كۆلى، قىران دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى قىيىن ئورمان باغچىسى، كۆركەم ئېرتىش دەريا بويى سەيلىگاھى ۋە ئۇلۇڭگۇر كۆلى بار.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


(1)伊犁哈萨克自治州概况，新疆人民出版社，1984.8。
(2)新疆建置沿革与地名研究，新疆人民出版社，1985.8。
(3)新疆经济开发的现在与未来，经济管理出版社，1996.8。
(4)新疆年鉴，1996，新疆人民出版社，1996.8。
(5)新疆统计年鉴，1997，中国统计出版社，1997.9。
(6)新疆年鉴，1997，新疆人民出版社，1997.8。
(7)最美的还是我们新疆—阿勒泰地区，新疆人民出版社，1998.8。
8. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىللىق 4 - سان.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第 20 卷第 4 期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999 年 12 月

# ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان» ۋە شامان دىنى

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۇزۇندىن ساقلىنىپ كەلگەن، ئەمما يېڭى بايقالغان «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى شامان دىنى ئىزنالىرى مۇھاكىمە قىلىنىش ئارقىلىق، «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ موڭغۇل چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى شامان ئېتىقادى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى، «چىن تۆمۈر باتۇر» بولسا «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ۋارىيانتى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：《阿克乌兰拜尔迪汗》是民间流传已久、但新近才发现的一部长诗。本文通过对这部长诗中萨满教痕迹的研究,试图论证长诗《 轻・吐米尔》并非产生于成吉思汗时代,而产生于信仰萨满教的时代。长诗《轻・吐米尔》不过是长诗《阿克乌兰拜尔迪汗》后来产生的变体而已。

**Abstract**: 《Akulambardihan》 is a narrative poem which spread among the people for ages but was newly found . This article tries to prove the narrative poem 《Qintuomur Batur》 didn't come into being at the times of Mongol—Qinggiz's invasion, but came into being at the times of believing in Saman Religion by making a study of traces of Saman Religion in this narrative poem. The narrative poem 《Qintuomur Batur》 developed from 《Akulambardihan》 afterwards.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق ئىچىدىكى كۆپلىگەن قىممەتلىك مىراسلىرىمىز بىر قەدەر ئەتراپلىق يىغىۋېلىندى. شۇ قاتاردا «چىن تۆمۈر باتۇر» ناملىق ئۇيغۇر خەلق داستانىنىڭ «ئاقئۇلامبەردىخان» ناملىق بىر ۋارىيانتى لوپنۇر خەلقى ئارىسىدىن يىغىۋېلىندى. مەزكۇر ۋارىيانتنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىمى توختى جامال ئەپەندى 1991 - يىلىدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيە تىكەنلىك رايونى يېڭىسۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق

* ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

پىشقەدەم قوشاقچى ۋە داستانچى بېغىم نىياز دېگەن كىشىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىنىۋالغان. مۆلچەرىمىزچە مەرھۇم داستانچى بېغىم نىياز بوۋاي مەزكۇر داستاننى ئېيتىپ بەرگەندە يۈز ياشقا يېقىنلاشقانىدى. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى مۆيدىن سايىت ئەپەندىنىڭ رەتلەپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن، 1991 ـ يىلى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1992 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان «لوپنۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ( داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى دەسلىپىدىلا بىزنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىمىزنى قوزغىغان ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بىز «ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە باتۇرلۇقنى تېما قىلغان 〈چىن تۆمۈر باتۇر〉 داستانى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىن كېيىن (مىلادى XIII ئەسىردىن كېيىن) پەيدا بولغان ......»① دەپ پەرەز قىلىپ كەلگەنىدۇق. بۇ پەرەزگە سەۋەب بولغان نۇقتا «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا ئەكس ئەتكەن موڭغۇل ئىستىلاسىغا دائىر مەزمۇنلار ۋە بەزى تارىخىي ناملاردىن ئىبارەت بولدى، ئەلۋەتتە.

مەن بۇ ماقالىدا «ئاقئۇلەمبەردىخان» داستانىدىكى شامان دىنىغا ئائىت مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، مەزكۇر داستاننىڭ ئۇيغۇرلاردا مەيدانغا كېلىشى تولىمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

شامان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى ئىچىدە قاچان باشلانغانلىقىنى خرونولوگىيە نۇقتىسىدىن كەسكىن ھۆكۈملەش ئاددىي ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ دىنىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە دەۋر سۈرۈش تارىخى بەك قەدىمىي ۋە بەك ئۇزۇن دەۋر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ شامان دىنى ھەققىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرى مەزكۇر دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئالتاي رايونىدا پەيدا بولغانلىقىنى ماقۇللايدۇ. «ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپات قىلىشىچە، بۇنىڭدىن 2500 ـ 6000 يىللار بۇرۇنقى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا شامان دىنى ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا پەيدا بولغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان «نۇر چاقناپ تۇرغان قۇياش» شەكىللىك قەدىمكى قەبرىلەر ۋە چەرچەننىڭ تولۇققاش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 ـ 6000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە قۇياشنى تەڭرى قىلغان ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ۋارىسلىق قىلغان......»②.

دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىخىدا شامان دىنىنىڭ مەنۋى ئاساسى ناھايىتى يىراق قەدىمىي زاماندىلا شەكىللىنىپ بولغان. يېقىنقى 40 يىل مابەينىدە جەنۇبىي سىبىر ـ ئالتاي رايونىدىن بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر قەدەر چوڭقۇرلىشىپ، شامان دىنى تەتقىقاتىدا كىشىنى مەمنۇن قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ رۇس ئالىملىرىدىن ئوكلانىكوۋ (А・Р・Оклаников) ، مىخايلوۋ (Т・М・Михаилов) ۋە ئالېكسېيېۋ (Н・А・Алексенев) لارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئوكلانىكوۋنى ھازىر ياۋروپا ئالىملىرى قىيا تاش سىزمىلىرى تەتقىقات ساھەسىنىڭ سەردارى، دەپ ئاتايدۇ③. بۇ ئالىملار ئۇرال ـ ئوب دەريالىرى، بايقال كۆلى ۋادىسى ۋە ھازىر ئوكېنىۋ مەدەنىيىتى (The Okunev — Culture) دەپ ئاتىلىۋاتقان مەدەنىيەت دائىرىسىگە تەئەللۇق قەدىمكى قىيا تاش سىزمىلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ مۇنداق خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: كەڭ سىبىرىيە رايونىدىكى ھايۋانات باشلىق (ئۇچارقانات باشلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئادەملەر ئوبرازى، قۇياش ۋە ھەرخىل نىقابلىق ئادەملەر ئوبرازى، ھەر خىل داقا ـ دۇمباق كۆتۈرۈۋېلىشقان ئادەملەر كۆرۈنۈشلىرى ئەمەلىيەتتە مۇكەممەل شامانلارنىڭ يارقىن

كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ھال كەڭ سىبىرىيە رايونىدا شامان دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ④. بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ تارىخى ئىرادىن ئاۋۋالقى 2000 ـ 2500 ـ يىللارغا تەۋەدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سانيون جىلغىسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇگۇر ـ سارغول ( theMugur – Sargol ) رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۇۋا ئاپتونوم رايونىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە) دىن تېپىلغان شامان دىنى مەزمۇنىدىكى قىيا تاش سىزمىلىرىمۇ يۇقىرىقى قاراشلارنى تولۇق يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن تەستىقلايدۇ. مەزكۇر قىيا تاش سىزمىلىرىمۇ برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپتۇر. شۇڭا شامان دىنى ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 6000 يىللار ئىلگىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ بولغان دېيىشكە بولىدۇ⑤.

«ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى ئۈچ چوڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىدىن تەشكىللەنگەن. بىرىنچى بۆلىكىدە شاھزادە ئۆزىنىڭ ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان سىڭلىسىنى بوغا ئانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى، بوغا ئانىنىڭ بۇ بوۋاقنى بىر ياشقىچە باققانلىقى، ئاندىن ئاقئۇلامبەردىخاننىڭ بوغا ئانىغا رەھمەت ئېيتىپ سىڭلىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ مەختۇمخان دەپ ئىسىم قويغانلىق جەريانلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكىدە، مەختۇمخاننىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا يولۇققانلىقى، ئاقئۇلامبەردىخاننىڭ يالماۋۇز ۋە جىن شاياتونلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئەمما جىن شاياتونلارغا تەڭ كېلەلمەي سىڭلىسى مەختۇمخاندىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكىدە، مەختۇمخاننىڭ ئالۋاستىلار مەملىكىتىگە ئاپىرىلىپ يالماۋۇزلار شاھى ئۆگەستان بىلەن توي قىلدۇرۇلغانلىقى، مەختۇمخاننىڭ ئۆگەستاندىن ئىككى پەرزەنتلىك بولغانلىقى، ئاخىرى مەختۇمخاننىڭ دۆلدۈلنى مىنىپ كۆھىقاپ (ئالۋاستىلار مەملىكىتى) دىن قۇتۇلۇپ، غەمگۇزارى ئاقئۇلامبەردىخان بىلەن دىدارلاشقانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە، مۇشۇ بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز: ئالدى بىلەن بىز بوغا مۇتىفىغا مۇراجىئەت قىلايلى، «مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يايلاق مەدەنىيىتىدىكى شامان دىنى ھەممىشە ھايۋاننى، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى توتېم قىلغان ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوخشاشلا باشقا ھايۋانلار بىلەن، بولۇپمۇ تۆت خىل ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شامان ئىلاھى ھايۋانلىرى بۆركۈت، ئات، ئېيىق، بوغا (مارال) لار بىلەن زىچ قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ»⑥. ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ شامان ئىلاھى ھايۋانلىرى ئەمەلىيەتتە ئالتاي خەلقلىرىنىڭ توتېملىرىدىن كېلىپ چىققان. ئاقئۇلامبەردىخاننىڭ ئۆز قېرىندىشىنى بوغا ئانىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى بالايى ئاپەتلەردىن خالاس بولۇشى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى شامان ئىلاھى ھايۋىنى بوغا ئانا ئۇنى ھەر قانداق يامان نىيەتتىن ساقلايدۇ. « چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلانغان ئىككى بوۋاق (چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا) نى بىر ئېيىق بېقىۋالىدۇ. بۇ ئىككى بالا ئېيىقنىڭ تەربىيىسىدە باھادىر بولۇپ يېتىلىدۇ⑦. ئەمەلىيەتتە ئېيىقمۇ شامان ئىلاھى ھايۋانلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا بۇ يەردە مەزكۇر ئىككى ئىلاھىي ھايۋاننىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتى دەپ قارىغان «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدا بوغا ئانا ئاقئۇلامبەردىخانغا يەتتە كۈندىن كېيىن قىرىق كۈنلۈك بالىنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاقئۇلامبەردىخان بۇ ۋەزىپىنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مەختۇمخان ناھايىتى تېز چوڭ بولىدۇ. بۇ يەردىكى «يەتتە» ۋە «قىرىق» بىزگە قويۇق شامان ئېتىقادى پۇرىقىنى بېرىدۇ. «يەتتە» ۋە «قىرىق» تۈركى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا

مۇقەددەس سانلار دەپ قارىلىدۇ. بۇ سانلارنىڭ مۇقەددەسلىشىشىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىقاتچىلار مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

سېھىرگەرلىك (شامانلىق) قۇدرىتىگە ئىگە بولغان «ئۈچ» ۋە «تۆت» مۇقەددەس سانلىرى «يەتتە» مۇقەددەس سانىنىڭ ئاساسى (7=4 + 3) دۇر. كائىناتنى ئۈچكە تەقسىملەشتىن كېلىپ چىققان «ئۈچ مۇقەددەس» لىكى بىلەن تۆت تەرەپ ھەم تۆت ئانا سىردىن كېلىپ چىققان «تۆت مۇقەددەس» لىكىنىڭ قوشۇلۇشىدىن «يەتتە مۇقەددەس» لىكى پەيدا بولغان. تۈركى خەلقلەردىكى «يەتتە» مۇقەددەس سانى سىرتقى دىنلارنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن دېگەن قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ⑧.

بەزى تەتقىقاتچىلار «يەتتە» خاسىيەتلىك سانىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە يۇقىرىقىدەك قارىمايدۇ. ئۇلار «يەتتە» نى مۇنداق ئىككى خىل مەنبەدىن چۈشەندۈرىدۇ: بىرىنچىدىن، ئالتاي قەۋملىرىنىڭ كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك ئېڭى ئاساسىدا «يەتتە» مۇقەددەس سانى كېلىپ چىققان. ئالتاي قەۋملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك تەڭرىسى «كۈن» («كۈن» تەڭرىنىڭ ئالتاي تىلىدىكى مەخسۇس نامى ulugun) تەڭرىدۇر. ئۆلۈگۈن («ئۆلكۈن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈركى تىلىدا «بۈيۈك»، «ئۇلۇغ»، «چوڭ» مەنىلىرىنى بېرىدۇ) نىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە توسۇق بارمىش (يەتتە قات ئاسمان)، بۇ توسۇقلار ئەركەك قام كەلگەندە ئېچىلارمىش. يەتتىنچى توسۇق تۆمۈر قوزۇق (قۇتۇپ يۇلتۇزى) غا تۇتىشىدىكەن. ئۆلۈگۈننىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قاراشت، بۇغراخان، يېشىلغان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختىخان، ئەركانىم دەپ ئاتىلىدىكەن⑨. بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن يەتتە سەييارىنى بايقاپ، ئۇنى «ئالەمنىڭ نېگىزى» دەپ تونۇپ ئىلاھلاشتۇردى. ئىككىنچىدىن، «يەتتە» مۇقەددەس سانى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا پارس مىفولوگىيىسىدىن كىرگەن. پارسلاردا يەتتە ئىلاھ زورو ئاستېر مەدەنىيىتى بىلەن نامايەن بولىدۇ. بۇ ئىلاھلار قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى ـ مېترا، شاد ـ خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى ـ ناخىت، بەخىت ۋە دۆلەت خۇداسى ـ ھوما، سۇ خۇداسى ـ ئانا خىتا ۋە خۇببى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى ـ مىرىخ، ياخشىلىق ۋە ئېزگۈلۈك خۇداسى ـ كىيۇمارس، باتۇرلۇق خۇداسى ـ يېما (جەمشە) دىن ئىبارەت. بۇ يەتتە مۇقەددەس ئىلاھ زورو ئاسترىزم مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «يەتتە مۇقەددەس» لىكىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن⑩.

«قىرىق مۇقەددەس» لىكىنىمۇ تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلىپ قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر، قىرىقنىڭ قەدىمكى تۈركى خەلقلەر تەرىپىدىن خاسىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى خاسىيەتلىك سان «تۆت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «تۆت» ئەمەلدە «قىرىق» نىڭ ئاساسى، «قىرىق» بولسا تۆتنىڭ ھەسسىلىنىشى⑪ دەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق دەپ قارىدى: «قىرىق» سانى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمنىڭ تۆت تەرىپى ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىسى بىلەن ئەڭ چوڭ سانىنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان «ئون» نىڭ تەكرار قوشۇلمىسى ياكى تۆت تەرەپكە كۆپەيتىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان. ماكان ۋە زاماننىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «قىرىق» مۇقەددەس سانى (40=+10+10+10+10 ) ياكى (40=4×10) ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن⑫. دېمەك، «يەتتە» ۋە «قىرىق» مۇقەددەس سانلىرى مەنىۋى ئاساس جەھەتتىن يەنىلا قەدىمكى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن باغلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئۇيغۇر باخشى (پېرىخۇن) لىرى بىمارغا پېرە سالغاندا يەتتە ئائىلىدىن قىرىق پارچە پۇرۇچنى ئېلىپ كېلىپ تۇغ باغلايدۇ⑬. بۇمۇ مەزكۇر خاسىيەتلىك سانلارنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدا ئاقئۇلامبەردىخانىنىڭ يەتتە كۈندە قىرىق كۈنلۈك بالىنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ كېلىشى ئەنە شۇ يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەن چوڭ مەنىۋى چۈشەنچىلەرگە باغلىنىدۇ.

داستانىنىڭ 2 ـ بۆلىكىدە، مەختۇمخان ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئەمەل قىلماي ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ. ئوتنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى بارلىق پاجىئەنىڭ تۈگىنى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق «ئوت» لارنى بىز بۇرۇنقى ئىزدىنىشلەردە بىردەك زەردۇشت دىنىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەنىدۇق. مەلۇمكى، قەدىمكى پارسلاردىن چىققان زورو ئاستېر (Zoroaster ئىرادىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە ياشىغان) نىڭ دىنىي ئەقىدىسى مىلادى VI ئەسىرلەردە جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتكەن، رايونىمىزغا بولسا مىلادى IV ئەسىرلەردىلا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم [14]. شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرىدە ئوتنى ئۇلۇغلاش زەردۇشتىزمدىن ئىلگىرىلا بار ئىدى. گرېك ـ ماكېدونىيە كارولى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغان قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدىن ئىلگىرىلا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئوتقا چوقۇنۇش ۋە ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن[15]. شەرقىي رىم تارىخشۇناسى زېفىلاكتىي سىموكاتتا (TheophylacteSimocatta) نىڭ بايان قىلىشىچە، تۈركلەر بۇرۇندىنلا ئوتقا چوقۇنىدۇ. ھاۋا، سۇ، تۇپراقنىمۇ ئۇلۇغلايدۇ، كۆك بىلەن يەرنى مۇقەددەس بىلىدۇ. بۇ تەڭرىلىرى ئۈچۈن ئات، كالا ۋە قويلارنى قۇربانلىق قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ[16]. مىلادى VI ئەسىردىكى شەرقىي رىم تارىخچىسى مەناندېر (Menander) نىڭ قەيت قىلىشىچە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئەلچىسى زېمارچاس (Zemarchas) تۈرك خاقانى ئىستەمى (زېمارچاس ئۇنى Dizabulus دەپ خاتىرىلىگەن) نىڭ ھوزۇرىغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە سوغدىلار رايونىدىن ئۆتكەن. شۇ چاغدا زېمارچاسنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن تۈركلەر قوللىرىدا مەشئەل تۇتقان ھالدا داقا ـ دۇمباق چېلىپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى قىلغان[17]. بۇ يەردە تۈركلەرنىڭ قەدىمدىنلا ئوتنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مەزكۇر نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، زەردۇشتىزمدىن ئىلگىرىلا تۈركى خەلقلەردە ئوتنى ئۇلۇغلاش بولغان. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بىمارنى ئوت بىلەن ئۈچۈغداش، پېرىخۇنىنىڭ پېرە ئويۇنىدا «جىن چىراق» (ئوت) تىن پايدىلىنىش پائالىيەتلىرىنى بەزى تەتقىقاتچىلار شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى[18]. شامان دىنى ئېتىقادىدا ئاسمان «يەتتە قەۋەتلىك نۇر دۆلىتى» دەپ تەرىپلەنگەندىن تاشقىرى، ئۇ يەنە قۇت (بەخت) دەرگاھى ھېسابلىنىپ، ئوت ۋە يورۇقلۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن • ...... ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زامانلاردا ئىپتىدائى شامان دىنى ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر (توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇز، ئون ئوغۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق قەدىمكى ئاسىيادىكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان باشقا دىنلار (ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى قاتارلىقلار) نىمۇ شامان دىنى ئېتىقادى ئاساسىدا قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار كۆپ [19]. شۇڭا بىز فولكلور ۋە يازما مەنبەلىرىمىزدىكى «خاسىيەتلىك ئوت» لارنى بىردەك يەككىللىك بىلەن زەردۇشتىزم ياكى «ئاۋېستا» دىن كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلساق ئىلمىي بولمايدۇ، جۈملىدىن

«ئاق ئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى «ئوت» مۇ ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك. مەزكۇر داستانىدا شامان ئېتىقادى قارىشى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ئاق ئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى خىسلەتلىك «ئوت» شامان ئەقىدىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. داستاندا مەختۇمخاننىڭ شۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇش سەۋەبى بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز كېلىپ ئۇنىڭ قېنىنى شورايدۇ. بۇ ۋەقەلىك «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىمۇ ئوخشاشتۇر. ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئېپوس، داستان ۋە قەھرىمانلىق قىسسە چۆچەكلىرىدە بىر باتۇر (ئەجايىپ قەھرىمان) نىڭ قارشىسىدا بىر يىرگىنچلىك يالماۋۇز (قورقۇنچلۇق سەلبىي كۈچ) سۈرەتلىنىدۇ. بۇ يالماۋۇز ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچىدىغان، ئادەم يەيدىغان ئىنتايىن ۋەھشى ئوبرازدۇر. بۇ ئوبراز ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدا بىردەك كۆپ باشلىق قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈركى خەلقلەر ئەل ئەدەبىياتىدا جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئەل ئەدەبىياتىدا يالماۋۇز ئاساسەن 7 باشلىق غەلىتە قانخور ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدا، بولسا يالماۋۇز 12، 15، 3، 9، 20، 25، 40، 35، 95، 100 (داغۇرلارنىڭ خەلق چۆچەكلىرىدە 3، 9، 20، 100 باشلىق، قالغانلىرى موڭغۇللاردا كۆرىلىدۇ)[20] باشلىق قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۇنىڭ 7 باشلىق قىياپەتتە تەسۋىرلىنىشى، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىدىكى 7 خاسىيەتلىك سان بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىزگە مەلۇمكى، شامانىزم كۆپ روھقا ئىگە بولغان خۇدالىق دىندۇر. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كۆپ روھلۇق خاراكتېرى دەل مەزكۇر شامان ئەقىدىسىدىن كەلگەن. «يالماۋۇز ئوبرازىنى» تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن روشەن شامان دىنى پۇرىقىنى بايقايمىز. شۇنچە قورقۇنۇچلۇق، ۋەھشى مەخلۇقنىڭ ئاياللىق جىنس بىلەن خاراكتېرلىنىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەممىگە مەلۇمكى، شامان دىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان. ئەڭ دەسلەپكى شامان (قام) لارمۇ ئاياللاردىن بولغان. ئوت ئىلاھىنىڭ ئايال بولۇشىمۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىشى ئاياللارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل سەلتەنىتىنى يوقاتتى». يالماۋۇزنىڭ ۋەھشى، ئىنسانىيەتكە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىشتەك بەدىئىي ئوبرازى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئەرلەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇھىتتا يارىتىلغان. قەھرىمان شەخسنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۇنى ھالاك قىلىشى دەل ئەرلەر سەلتەنىتىنىڭ ئاياللار ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر[21]. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ ئايال قىياپەتلىك بولۇپ، بۇ شامان دىنىنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ قايسى سەھىپىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم دېتاللارنىڭ بىرىدۇر. خۇددى «شامان» دېگەن ئاتالما ئالتاي شامانىستلىرىغا ئورتاق بولغاندەك، «يالماۋۇز» دېگەن ئاتالمىمۇ ئالتاي خەلقلىرىگە ئورتاقتۇر، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئۇنىڭ ئاتىلىشى پەقەت ئاز ـ تولا فونېتىكىلىق پەرقىلا ئىگە. تۈركى تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە «يالماۋۇز»، «يالماغىز»، «جالماۋىز»، «جېلماغۇز» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل ۋە مانجۇ ـ تۇنگۇس تىل ئائىلىلىرىگە مەنسۇپ ھەر قايسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ماڭگۇس دېگەن سۆز شەكلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەرخىل ناملاردا ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى موڭغۇل تىلىدا ماڭگۇس ( 蟒古斯 )، ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا ماڭگاس ( 蟒嘎斯 )، موڭغۇل تىلىنىڭ بۇريات دىئالېكتىدا ماڭگادخاي ( 蟒嘎德海 )، داغۇر

تىلىدا ماڭگاي، ئېۋىنكي، ئېلۇنچۇن ۋە خېجى تىللىرىدا ماڭماۋ ( 蟒貌 ) ياكى ماڭگاي ( 蟒盖 ) دەپ ئاتىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە «يالماۋۇز» ئاتالمىسى قەدىمكى تۈركى تىلىغا خاس بولغان «يەل» (شامال، يەل) بىلەن ئالتاي تىللىرىغا خاس بولغان «مۇڭگۇز» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن[22]. «يەل» ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدە يامان روھ تىمسالىدا گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ھازىرغىچە پېرىخۇنلار بىمارلارغا «شامال دارىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك «دىئاگنوز» نى قويىدىغان ئەھۋال بار. «مۇڭگۇز» مۇ ئالتاي خەلقلىرىدە بىر خىل ئاجايىب سېھرىي كۈچكە ئىگە ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. قىسقىسى «يالماۋۇز» شامان ئېتىقادى تەرىپىدىن تاكامۇللاشقان يامان روھ — ياۋۇز ئوبرازىدۇر.

«چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا مانا شۇ يامان روھ ئۆزىنىڭ بارلىق ياۋۇزلۇق خاراكتېرىنى نامايەن قىلىدۇ، ئۇ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورايدۇ. شۇندىن كېيىن مەختۇمسۇلا سانجۇ پادىشاھلىقى (موڭغۇل پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ شاھزادىسى ئۇزمۇخنىڭ ئەمرىگە مەجبۇرىي ئۆتىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتا بىزنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى مىلادى XIII ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دېگەن خاتا قارىشىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان.

«ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدا مەختۇمخاننى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئوغلى، جىن - شاياتۇنلار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى نۆگەستان ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. داستاندىكى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە نۆگەستانلارنىڭ مەملىكىتى (كوھىقاب) چۆل قۇمدىكى بىر پىنھان، غايىب ھەم سىرلىق شەھەر. بۇ كارتىنا بىزگە تەبىئىي ھالدا شامان ئەقىدىسىدىكى جەھەننەم (يەر ئاستى يەنى يامان روھلار ئالىمى) نى ئەسلىتىدۇ. مەزكۇر داستاننىڭ بۇ يېرىدىمۇ موڭغۇللارغا ئالاقىدار ھېچقانداق ئېلېمېنت يولۇقمايدۇ. نۆگەستاننىڭ مەملىكىتى پۈتۈنلەي جىن - ئالۋاستىلاردىن تەشكىل تاپقان شامان دىنىدىكى يامان روھلار ئالىمىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشىدۇر. شۇنداق قىلىپ مەختۇمخان نۆگەستاندىن بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز ئىككى پەرزەنت كۆرىدۇ. («چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا مەختۇمسۇلا سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى ئۇزمۇختىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولىدۇ). ئەمما مەختۇمخان قاتتىق قايغۇ - ئەلەمدە ياشايدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆگەستان مەختۇمخاندىن سورايدۇ:

قاغىلار ئۇچتى، قەيەرگە چۈشتى،
قاراقاش مەختۇمخانى مۇڭلار چۈشتى.
قۇشلار ئۇچتى، كۆرۈككە چۈشتى،
قاراقاش مەختۇمخانى مۇڭلار چۈشتى.
سېغىزخان ئۇچتى قىيىرگە[23] چۈشتى،
قاراقاش مەختۇمخانى مۇڭلار چۈشتى؟......

بۇ چاغدا مەختۇمخان يىلقىلارنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، نۆگەستاننىڭ يىلقىلىرى ئىچىدە بىر كۆك چامبۇل تاغىل تاي بار ئىدى. پەقەت شۇ ئاتلا مەختۇمخاننى قۇتقۇزۇپ، يورۇق دۇنياغا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، جىن - ئالۋاستىلار مەملىكىتى بىلەن ئىنسانلار ئالىمى ئوتتۇرىسىدا كۆۋەجىپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئارغان دەرياسى دەيدىغان بىر پاسىل دەريا بار. بۇ دەريامۇ ماھىيەتتە شامان ئەقىدىسى بويىچە ئىككى دۇنيانى ئايرىپ تۇرىدىغان سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولغان پاسىلدۇر. كۆك چامبۇل تاغىل تاي («چىن تۆمۈر باتۇر» دا بۇ ئات «تۇلپار» دېگەن سۆپەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ) بولسا قەدىمكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئات مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھادىسە. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئات

ئىلاھىغا تېۋىنىش قاراشلىرى شامان ئېتىقادى مەزگىلىدىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ئىزچىل ھالدا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاتنى ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلماس قانىتى دەپ بىلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە«دۇلدۇل» (تۇلپار) ھەققىدە ئاجايىب ـ غارايىپ رىۋايەتلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. «دۇلدۇل» ئەمەلىيەتتە خۇددى «ئوغۇزنامە» دىكى يايلىلىق كۆك بۆرىدەك ئاتنىڭ ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ㉔. شۇڭا مەختۇمخاننى ئالۋاستىلار ئىلكىدىن قۇتقۇزغۇچى دۇلدۇلمۇ كۆك رەڭلىك بولۇپ، بۇ يۇكسەك شامان ئەقىدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندۇر. ئالتاي خەلقلىرىنىڭ بارلىق ئېپوسلىرىدا ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە ھامان بىر ئاق دۇلدۇل قەھرىمانغا قانات بولىدۇ. مەسىلەن، «ماناس» ئېپوسىدا باتۇر ماناسقا قانات بولغۇچى دۇلدۇل قۇلاتاي ئاق ئاتتۇر㉕. ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى «جاڭغىر» دا قەھرىماننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى بىر ئاق دۇلدۇلدۇر㉖. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، ئالتاي ئېپوسلىرىنىڭ، جۈملىدىن تۈركى خەلقلەر ئېپوسلىرىنىڭ ئەڭ كونا مۇتىفلىرىدا مەزكۇر ئات كۆپىنچە «كۆك چىپار دۇلدۇل» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: تۈركى خەلقلەر ئېپوسلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولغان «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاقان مىنىدىغان دۇلدۇل بىر چىپار ئايغىردۇر. «ئالپامىش» ئېپوسىدا باتۇر ئالپامىشقا قانات بولغان بايچىپار (ئالپامىش مىنىدىغان دۇلدۇلنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى) چىپار كۆك دۇلدۇل㉗. «ماناس» ئېپوسىدىكى قۇلاتايمۇ گەرچە ئاق دۇلدۇل بولغىنى بىلەن يەنىلا ئۇنىڭ ئەسلى ئالتاينىڭ ئايدىڭ كۆلىدىن چىققان كۆك چىپار دۇلدۇلغا باغلىنىدۇ. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىمۇ مەختۇمخاننى قۇتقۇزغۇچى دۇلدۇل كۆك چامبۇل بولۇپ، يەنىلا كۆك بىلەن سۈپەتلەنگەن. ئالتاي خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن تۈركى خەلقلەرنىڭ كۆك رەڭنى مۇقەددەس بىلىش قارىشىنى تەتقىقاتچىلار بىردەك كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقىدىن كەلگەن، دەپ تەستىقلىشىدۇ. كۆك تەڭرى شامان ئېتىقادىدىن كەلگەن. دېمەك، مەختۇمخاننى قۇتقۇزغۇچى دۇلدۇلمۇ شامان مۇقەددەس ئىلاھىنىڭ يارقىن ئوبرازىدۇر. ـ ئەلۋەتتە!

مەختۇمخان ئەنە شۇ خاسىيەتلىك ئىلاھىي ئاتنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئالۋاستىدىن بولغان ئۆز نەسلىنىمۇ دەرياغا تاشلاتقۇزىدۇ. بۇ ئەمەلدە شامان ئەقىدىسىدىكى يامان روھلار تەرىپىدىن بۇلغانغان ۋۇجۇد ۋە ئەقىلنىڭ قايتىدىن پاكلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئات گويا ياخشى روھلارنىڭ مەدىتىگە مۇشەررەپ بولغان شامان (قام ياكى باخشى) غا ئوخشايدۇ. شۇڭا مەختۇمخان ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن قاتتىق قايغۇرىدۇ. ئۇنى تېپىش ئۇچۇن كۆپ رىيازەت چېكىدۇ. دۇلدۇلنى تاپقاندا بولسا چەكسىز خۇرسەن بولۇپ، دۇلدۇلدىن مۇنداق سورايدۇ:

قىزىل كۆزلۈك تارغىل ئاتىم،
مېنى تاشلارەي بولدۇڭمۇ؟
مەختۇمخان دېگەن بۇكۈڭنى،
چۆلدە تاشلارەي بولدۇڭمۇ؟

دۇلدۇل مەختۇمخانغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئاچارچىلىقتا يادادىم،
سۇسالىقتا سۇدادىم.
ئەمدى ئىزىمغا يانار بولدۇم.

دېمەك، «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى كۆك چامبۇل تاغلىتاي شامان دىنىنىڭ قويۇق ئىزنالىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەندۇر.

شامان ئەقىدىسىدە يەنە ياخشى روھلار بىلەن ياۋۇز روھلار ئارىسىدا دائىم كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۈرەش يەر يۈزى يەنى ئىنسانلار ئالىمىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەمما ئىنسانلار يەر يۈزىدىكى ھەممە ھايۋانلاردىن ئەقىللىق بولغاچقا، كۆك تەڭرىنىڭ مەدىتى بىلەن يامانلىق ۋە ياۋۇزلۇقنى روشەن ھېس قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلار ئالىمى بىلەن كۆك تەڭرى ئارىسىدا ۋاستىچى شامانىنىڭمۇ قۇدرىتى بولغاچقا، يامان روھلار ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن قاباھەت ھامان مەغلۇپ بولىدۇ ياكى يوقىتىلىدۇ. مەختۇمخانىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئالۋاستىلار قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشىمۇ دەل مانا شۇ شامان ئەقىدىسى بىلەن باغلىنىشلىق.

«ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدا يەنە مەختۇمخاندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان نوگەستان، ئۆز ئانىسى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن مەختۇمخانىنىڭ چېچىنى قولغا چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق مەختۇمخانىنى ئىزدەيدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىمۇ مەختۇمسۇلا ئېقىن سۇدا چاچ تارىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىر تال شۇنبۇل چېچىنى ياۋنىڭ شاھزادىسى قولغا چۈشۈرۈۋالغىنى ئۈچۈن مەختۇمسۇلا پالاكەتچىلىككە قالغان ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بەزى چۆچەك ۋە داستانلىرىمىزدا يامانلىق بىر ساھىبجامالنىڭ چېچىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ؟

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ھاجەتكى، بىز نۆۋەتتە ئالتاي خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن تۈركى خەلقلەرنىڭ شامان ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلالمىدۇق. نۇرغۇن ئەمەلىي مەدەنىيەت ئامىللىرى بىزنىڭ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىمۇ دەل بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرىدۇر. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچ تارىغاندا تارغاقتا قالغان چاچنى ئالاھىدە تۈگۈنچەك قىلىپ پۇختىلاپ خالىي جايلارغا قويىدۇ. ئۇنىڭ خالىغان يەردە كۆزگە تاشلىنىپ يۈرىشىدىن ياكى دەسسىلىپ قېلىشىدىن كۆپ ئېھتىيات قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئېقىن سۇ بويىدا چاچ تارىشى ھازىرمۇ مەنئىي قىلىنىدۇ. چاچنىڭ ئوتقا چۈشۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى ئەڭ قەدىمكى مۇتفلاردىن قارىغاندا، مەزكۇر دېتال ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىكى ئېتىقاد مەدەنىيىتى ئىزنالىرىغا باغلىنىدۇ. تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئادەت بولسا كېرەك. چۈنكى ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئېچىدىكى كىشى ئوقۇغۇچى (جىنكەش) لار بىرەرسىگە ئوقۇماقچى بولسا (ئۇنى توغرا يولغا چۈشۈرمەكچى ياكى ئازدۇرماقچى بولسا) ئوبيېكتنىڭ چېچىنى تاپقۇزۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچلىرىنى تۈگۈنچەك قىلىپ، ھېچكىم كۆرمەستە ئۆسۈۋاتقان نەۋقىران دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويىدۇ (بۇ يەردە دەرەخ ئىلاھىنىڭ مەدىتى كۆزدە تۇتۇلغان). بىزگە مەلۇمكى جىنكەشلىك (پېرىخونلۇق ياكى سېھرى قىلىش) نىڭ ئەسلى مەنبەسى شامان دىنىدۇر. شۇڭا بىز «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى نوگەستاننىڭ چاچنى ئۆز قولىغا چۈشۈرۈش ۋەقەلىكىنى شامان دىنىدىن كەلگەن، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان»، ئۇيغۇر خەلق داستانى «چىن تۆمۈر باتۇر» نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ

كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتىدۇر. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چىڭگىز - موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە، شۇ دەۋرنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكىنــى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھالدا ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن شەكىللەنگەن بەك كېيىنكى ۋارىيانتىدۇر. «ئاقئۇلامبەردىخان» دېگەن ئىسىممۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس كونا ئىسىم ئىكەنلىكى ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئاق» شامان ئەقىدىسىگە خاس ئۇلۇغلانغان رەڭ، «ئۇلام» دېگەن سۆز يىلتىزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چەكسىز» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ㉘، ئەلۋەتتە. بۇ ئىسىملارنى ئايرىم تېمىدا تېخىمۇ تەپسىلىي تەتقىق قىلىش زۆرۈر. «مەختۇمخان» دېگەن ئىسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، «مەخدۇم» (مخدم - ئۇلۇغ زات، دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى مخادم) ئەرەپچىدۇر㉙. شۇنىڭدىن قارىغاندا «مەخدۇم» دېگەن ئىسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىن داستاندا بارلىققا كەلگەن ئىسىمدەك تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان» ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» نىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرىنى بىز چوقۇم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى شامان ئېتىقادى دەۋرىدىن ئىزدىشىمىز لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولالايمىز. مەزكۇر داستاننى ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق ھەم كەڭ تەتقىق قىلىش تولىمۇ مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

## ئىزاھاتلار

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىللىق 3 - سان، 39 - بەت.

② ئابدۇكېرىم رەھمان: «تۈركى تىللار دىۋانىدىن شامان دىنىغا بىر نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىللىق، 3 - سان، 90 - بەت.

③ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 2 - سان، 72 - بەت.

④ يۇقىرىقى ژۇرنال، 71 - بەت.

⑤ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى توتېملىرىغا دائىر ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 1 - سان، 67 - بەت.

⑥ ئېسابىللا خالۋاتىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 4 - ساندىكى ماقالىسى، 10 - بەت.

⑦ «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (ئابدۇكېرىم رەھمان توپلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 -، 24 - بەتلەر.

⑧ «تۈركى تىللىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 251 -، 252 - بەتلەر.

⑨ لېۋى - بولۇر (فرانسىيە) نىڭ: «ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر» ناملىق ئەسىرى، خەنزۇچە نەشرى، 198 - بەت.

⑩ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىللىق 2 - سان، 40 -، 41 - بەتلەر.

⑪ «تۈركى تىللىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 239 - بەت.

⑫ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان، 42 ـ بەت.

⑬ «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتى» (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت.

⑭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 14 ـ بەت.

⑮ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 36 ـ بەت.

⑯ چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرى»، (فېڭ چېڭجۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) مىنگونىڭ 21 ـ يىلى، سودا كىتابخانىسى خەنزۇچە باسمىسى 177 ـ بەت.

⑰ «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ بىرلەشمە سان، خەنزۇچە 95 ـ بەت.

⑱ «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتى» (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى) خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ بەت.

⑲ ئابدۇقەيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇر نەشرى، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

⑳ ئەسئەت سۇلايمان: «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

㉑ يۇقىرىقى ژۇرنال، 19 ـ، 20 ـ بەتلەر.

㉒ يۇقىرىقى ژۇرنال، 12 ـ، 14 ـ بەتلەر.

㉓ قىبىر ـ لوپنۇر دىئالېكتىدا دەريانىڭ تۈز، يېيىلما قىرغىقى.

㉔ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 97 ـ بەت.

㉕ «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان، 27 ـ بەت.

㉖ «ئۇيرات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (卫拉特研究) 1989 ـ يىللىق تۇنجى سان، خەنزۇچە، 42 ـ بەتتىكى ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «قەھرىمانلىق داستانى جاڭغىردىكى ئات ئوبرازى» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ.

㉗ «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان، 29 ـ بەت.

㉘ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى، 425 ـ بەت.

㉙ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 1986 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 633 ـ بەت.

(پوچتا نومۇرى: 830011)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئوسمان مۇھەممەت**

1999 - يىلى 12 - ئاي     شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)     20 - يىللىق 4 - سان
第 20 卷第 4 期     新疆大学学报(哲学社会科学维文版)     1999 年 12 月

# جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئىدىيىسى ھەققىدە

تۇرسۇن ئەمەت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپە ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان پەلسەپە ئېقىملىرى ۋە پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت جۇڭگو پەلسەپىسىدىكى قەدىمىي كاتېگورىيە مەسىلىسىدىكى قاراشلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**:本文分析中国传统哲学思想发展史上各个时代所产生的思想家有关中国古老的哲学范畴——天人思想的哲学流派及各家观点。

**Abstract**: This article historically and overall introduces scholos of philosophy produced in each times of the history of development of China's traditionary philosophic thought It also introduces philosophers, thinkers points of views about China's oldest philosophic category — thought for heaven and man.

تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى بىر جۈپ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مۇھىم كاتېگورىيە. جۇڭگو قەدىمكى زامان پەلسەپىسى «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ھەققىدىكى مۇنازىرە» نى دەۋر قىلىپ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان، بولۇپمۇ چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى زامانلار ۋە خەن دەۋرلىرىدە، تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مەسىلىسى پەلسەپە مۇنازىرىسىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى مۇنازىرە تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. جۇڭگو تارىخىدىكى ھەر قايسى پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ بۇ بىر جۈپ پەلسەپە كاتېگورىيىسىگە بولغان چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلدى. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراشقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، تەڭرىيەتنى تەبىئەتتىن ھالقىپ تۇرىدىغان، ئىرادىگە ئىگە بولغان ئادەملەشتۈرۈلگەن روھىي كۈچ، بارلىق مەۋجۇداتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئىلاھ، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شۇنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ دەپ قاراش. بۇ، ئىلىمىزنىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىن باشلاپ

* تۇرسۇن ئەمەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئىدىيالىستىك ئىلاھىي تەقدىر نەزەرىيىسىدۇر.

ئىككىنچى، تەڭرىيەتنى تەبىئىي هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئىرادىگە ئىگە بولمىغان، غەرەزلىك هالدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە خوجايىنلىق، كاشىلا قىلمايدىغان تەبىئىي كائىناتتۇر دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىستىك خاھىشتىكى قاراش. بۇ قاراش تەڭرىيەت ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىش، ھەرىكەتلىرىدىكى ئىچكى ماھىيەت ـ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ئېلىمىز ئەنئەنىۋى پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەڭرىيەت قارىشىدۇر.

جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا تۇنجى بولۇپ «تەڭرىيەت» بىلەن «ئىنسانىيەت» تىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ پەلسەپىۋى كاتېگورىيىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى كىشى ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان جىڭ بەگلىكىنىڭ مۇشاۋۇرى زى چەن بولدى. ئەمىنىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېلىمىزنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، بىر قىسىم كىشىلەر ئىدىيىۋى ئىسكەنجىلەرنىڭ بىرى بولغان مۇنەججىملىكتىن ئىبارەت خۇراپاتلىقتىن گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدى، يەنە بىر قىسىم ئىلغار مۇتەپەككۇرلار، ھەتتا ئاتېزمنى تەشەببۇس قىلىشاتتى.

زى چەننىڭ قاراشلىرى ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ بىلىشىدىكى زور تەرەققىياتنى ئىپادىلىدى. ئۇ، ئىلاھ ياكى تەڭرىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ئاجىزلاتتى. شيا، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان تەڭرىدىن جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلېپىدىكى تەڭرىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى سۇندۇرىدىغان دەرىجىگە تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن زى چەننىڭ ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان تەڭرىنى ئاجىزلىتىشقا راۋاجلىنىشى ئىنسانىيەت بىلىشىنىڭ تەدرىجىي ھالدا، دىنىي تېئولوگىيىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زى چەن تۇنجى بولۇپ «تەڭرىيەت» بىلەن «ئىنسانىيەت» تىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ كاتېگورىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەشتە قوللاندى ھەمدە ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

زى چەننىڭ ئىدىيىسى تەدرىجىي شەكىللىنىۋاتقان تەڭرىدىن گۇمانلىنىش ۋە ئاتېزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئۇلغىيىشىنىڭ مەھسۇلى. شۇندىن باشلاپ ئىلاھى تەقدىرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا، «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى» توغرىسىدىكى نۇرغۇن ماتېرىيالىستىك تەلىماتلار ئوتتۇرىغا چىقتى؛ ئىدىيالىستىك ئىلاھى تەقدىر نەزەرىيىلىرىمۇ ئۆز شەكىللىرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ، نۇرغۇن نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى شەكىللەندۈردى. «تەڭرىيەت» بىلەن «ئىنسانىيەت» تىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ كاتېگورىيىنى دەۋر قىلغان تالاش ـ تارتىش ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى.

ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرلىرى بىرىنچى تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايرىغان» ئەمىنىيە ـ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە «تەڭرىيەت» بىلەن «ئىنسانىيەت» ھەققىدىكى مۇنازىرە ھەققىي يوسۇندا كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدى. كۆڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ ياراتقۇچىسى كۆڭزى شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ باشلانغان ئاتېزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئىلاھىي تەقدىرچىلىك قارىشىغا بولغان زەربىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنئەنىۋى ئىلاھىي تەقدىرچىلىك قارىشىغا ئۆزگەرتىش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ باردى. ئۇ، تەڭرىنى ئىرادىگە ئىگە بولغان ئادەملەشتۈرۈلگەن ئىلاھ قىلىۋېلىشقا قوشۇلمىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرى نېمە دېدى؟ تۆت پەسىل ئوخشاشلا ئۆتۈۋاتىدۇ. مەۋجۇداتلار ئوخشاشلا ئۆسۈۋاتىدۇ. تەڭرى بۇنىڭغا نېمە دېدى؟» (

«مۆھاكىمە ۋە بايان»، ياڭخو). بۇ ئەنئەنىۋى ئىدىيالىستىك تەڭرىيەت قارىشىغا نىسبەتەن بىر بۆسۈش ئىدى. بىراق، كۆڭزى يەنە بىر تەرەپتىن «ئىلاھىي تەقدىرگە ھۆرمەت قىلىش» نى تەشەببۇس قىلىپ، «ئىلاھىي تەقدىر» نى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان، تەبىئەتتىن ھالقىپ تۇرىدىغان كۈچ دەپ قارىدى. «تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش تەقدىردىن بولۇر، باي ـ مەرتىۋىلىك بولۇش تەڭرىدىن بولۇر» («مۆھاكىمە ۋە بايان»، يەن يۈەن) دەپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بالايى ـ قازا، بەخت ـ سائادەت، ئۆلۈم ـ يىتىمنى تەقدىر بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ، كۆڭزىنىڭ مۇتەئەسسىپ تەرىپى ئىدى. «ئىلاھىي تەقدىر» نى تەبىئەتتىن ھالقىپ تۇرىدىغان كۈچ دېيىش «تەڭرى» نى ئىرادىگە ئىگە بولغان ئادەملەشكەن ئىلاھ قىلىۋېلىش ئىدىيىسىدىن شەكىل جەھەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇ دەۋاتقان «تەقدىر» ئادەم سوبيېكتىپ ئىگىسىنىڭ مۇتلەقلەشتۈرۈلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇ ماھىيەتتە، يەنىلا ئىدىيالىزملىق تەقدىرچىلىك نەزەرىيىسىگە تەۋە. كۆڭزىچىلىقنىڭ كاتتا ۋارىسى بولغان مېڭزى، كۆڭزى ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى» گە كۆپرەك كۆزىتىش ئېلىپ باردى. مېڭزىنىڭ قارىشىچە «تەڭرىيەت مەنبە، بىرىنچىلىككە ئىگە نەرسە، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تەڭرىيەت ئۆز ئارا تۇتىشىدۇ، قەلبىنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى تەڭرى ئاتا قىلغان»، شۇڭا ئۇ «ئاق، سەمىمىي ئەسلى قەلبىنى تولۇق كېڭەيتىش، ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى بىلگەنلىكتۇر، ئادەم تەبىئىتىنى بىلىش تەقدىرنى بىلىشتۇر، ئادەمنىڭ ئەسلى قەلبىنى ساقلاپ قېلىش، ئادىمىلىك تەبىئىتىنى يېتىشتۈرۈش ـ تەقدىرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر» («مېڭزى، تەبىئەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش. 1 ـ قىسىم»)، نىھايەت «يۇقىرى بىلەن تۆۋەن، ئاسمان بىلەن يەر بىرلىكتىدۇر». («مېڭزى. تەبىئەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش. 1 ـ قىسىم») بۇ، مېڭزى ئىزدەنگەن غايىۋى مەنزىل بولۇپ، مېڭزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىئالىستىك «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى» نەزەرىيىسىدۇر. ئەمما، مېڭزى ئادەم ئىدراكىنىڭ رولىغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدۇ، ئۇ، ئەقلىي تەپەككۇر ئارقىلىق ياخشى تەبىئەتنى قوزغاتقاندىلا، «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى» نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مېڭزى ئەقلىي بىلىشنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇبالىغە قىلىپ، تەپەككۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق «تەڭرىيەت» نى بىلگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرلىق بولغان «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى» دەك مەنىۋى مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغانىدى.

كۆڭزىدىن كېيىنرەك ئۆتكەن مۇزىچىلارنىڭ پېشۋاسى مۇزى كۆڭزى تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئوكتىچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ «تەڭرىيەت ـ ئىنسانىيەت» قارىشى كوڭزىنىڭ قارىشىغا تۈپتىن قارشى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن تەڭرى ئىرادىسى تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلىپ، تەڭرىدە ئىرادە بولىدۇ دېگەننى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلاھىي تەقدىر نەزەرىيىسىگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى چىقىپ، «تەقدىرنى ئەيىبلەش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «كۈچنى زورايتىش» تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ «كۈچلۈكلەر باي بولۇر، ئاجىزلار نامراتلىشۇر؛ كۈچلۈكلەر توق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈر، ئاجىزلار چوقۇم ئاچ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈر» (مۇزى. «تەقدىرنى ئەيىبلەش». 2 ـ قىسىم) دېيىش ئارقىلىق باي ياكى پېقىر بولۇش، مەرتىۋىلىك ياكى مەرتىۋىسىزلىك تەقدىر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى ئۇنى ئادەم ئۆزى پەيدا قىلىدۇ دېگەن قاراشنى يەكۈنلەيدۇ. بۇ مۇزى ئىدىيىسىدىكى زور ئىلغارلىق ئىدى.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى داۋچىلار «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە كۆڭزىچىلارنىڭ ئىلاھىي تەقدىرچىلىك قاراشلىرىغا

قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە، مۇزىچىلارنىڭ تەڭرى ئىرادىگە ئىگە دەيدىغان قارىشىغىمۇ قارشى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. داۋچىلارنىڭ ئۇلىماسى بولغان لاۋزى «تەڭرى تەرىقىتى غەرەزسىز بولۇر» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەم خىلمۇ - خىل شەيئىلەر ئىچىدىكى بىرلا شەيئى، تەڭرىيەتنى ئىگىلەش ئۇچۇن تەبىئەتكە بويسۇنۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم يەرنى مىزان قىلىدۇ، يەر ئاسماننى مىزان قىلىدۇ، ئاسمان داۋنى مىزان قىلىدۇ، داۋ بولسا تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز ئالدىغا مىزان تۈزىدۇ» («لاۋزى» 25 - باب). لاۋزىنىڭ ئوبيېكتىپ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش لازىملىقى ھەققىدىكى ئىدىيىسى خېلىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئامىللارغا ئىگە ئىدى. ئەمما، لاۋزىنىڭ ئادەم تەبىئەت ئالدىدا قەدىرسىز، ئامالسىز بولىدۇ، ئۆز تەقدىرىنى تەبىئەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرىشى لازىم دەيدىغان فاتالىستىك قارىشىنىڭ پاسسىپلىق تەرىپىمۇ بار ئىدى. داۋچىلىقنىڭ يەنە بىر پىر ئۇستازى دەپ ئاتالغان جۇاڭزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىمۇ لاۋزىنىڭ قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇمۇ تەڭرىيەت تەبىئىي غەرەزسىز بولۇر دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، تەبىئەتنى بىر تەبىئىي ھالەت، ئادەممۇ بىر خىل تەبىئىي شەيئى دەپ قارايدۇ. دېمەك، تەڭرى تەرىقىتى غەرەزسىز بولىدۇ، شۇڭا، ئىنسان تەرىقىتىمۇ غەرەزسىز بولىدۇ، ئادەم تەبىئەت ئالدىدا پەقەت پاسسىپ ھالدا «تەبىئەتكە بويسۇنۇشى» كېرەك. شۇنىڭ بىلەن داۋچىلارنىڭ قارىشىدا فاتالىزم ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ماتېرىيالىست پەيلاسوف شۈنزى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى تەنقىدىي ئاساستا تەكشۈرۈپ، تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان مۇنازىرىگە زور كۆلەمدە يىغىنچاقلاش ئېلىپ باردى. شۈنزى تەڭرىيەتنى «يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشى، كۈن بىلەن ئاينىڭ ئالمىشىپ يەرنى يورۇتۇپ تۇرۇشى، تۆت پەسىلنىڭ بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئېلىپ دەۋر قىلىشى، مۇزەككەر بىلەن مۇەننەسنىڭ پائال ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، يامغۇر، شامالنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ تۇرۇشى» (شۈنزى. «تەڭرىيەت توغرىسىدا») دەك تەبىئەت دۇنياسى بولۇپ، تەڭرىيەت كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن سىرت مۇستەقىل تۇرىدىغان مەۋجۇدىيەتتۇر دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتى بولىدۇ. بۇ دانىشمەن ياۋ بولغانلىقى ئۇچۇنلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس، ئالجىغان پادىشاھ جىنىڭ بولۇشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ» (شۈنزى. «تەڭرىيەت توغرىسىدا»). ئۇ مۇشۇ ئاساستا «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پەرقىنى ئېنىق تونۇش» (شۈنزى. «تەڭرىيەت توغرىسىدا») كېرەك دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە ئىلاھىي تەقدىر نەزىرىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ، ئادەم ھاياتلىققا، تۇيغۇ ۋە ئەخلاققا ئىگە بولىدۇ، ئادەم «جاھاندا ھەممىدىن ئېزىزدۇر» (شۈنزى. «پادىشاھلىق تۈزۈم»)، «تەڭرىيەتنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىش» (شۈنزى. «تەڭرىيەت توغرىسىدا») دەيدىغان تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەيدۇ. شۈنزىنىڭ ئادەم تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ دەيدىغان ئىدىيىسى شۇ دەۋرلەردىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى دەۋرى ئىككى خەن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردىكى «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت

ھەققىدىكى مۇنازىرە» تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقا قاراپ يۈزلەندى. مۇنازىرە «ئىنسانىيەت بىلەن تەڭرىيەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلىشىشى» تەلىماتى بىلەن بۇنىڭغا قارشى تەلىماتلار ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتى. چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى كۇڭزى، مېڭزىلار ئوتتۇرىغا قويغان «ئىلاھىي تەقدىر» نەزەرىيىسى بىلەن «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى» تەلىماتلىرى خەن دەۋرىگە كەلگەندە، دۇڭ جۇڭشۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېرىشتى. دۇڭ جۇڭشۇ «ئىلاھىي تەقدىر» نەزەرىيىسى بىلەن مۇزەككەر - مۇئەننەس تەلىماتى، بەش زات تەلىماتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىشىشى» دەك ئىدىيىۋى سىستېمىنى ئورناتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تەڭرى ئەڭ بۈيۈك ئىلاھ بولۇپ، «تەڭرىيەت - پۈتكۈل ئىلاھلارنىڭ شاھىنشاھىدۇر» (دۇڭ جۇڭشۇ: «ئەمىنىيە گۈلتاجلىرى، دىيانەت تەقلىدى»)، ھالبۇكى، ئادەمنى بولسا تەڭرى ياراتقان بولۇپ، «ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىدىكى مەنبە تەڭرىيەتتۇر، تەڭرىيەت ئادەمنىڭ ئەجدادىدۇر» («ئەمىنىيە گۈلتاجلىرى، تەڭرىيەت ئادەمنى پەيدا قىلغان»). شۇڭا، ئادەمنىڭ تەڭرىيەتكە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ ئىچكى بەش ئەزاسى بولۇشى بەش زاتقا ئوخشايدۇ، ئادەمدە ئىككى جۈپ پۇت - قولنىڭ بولۇشى تۆت پەسىلگە ئوخشايدۇ، مانا بۇ «ئادەمنىڭ تەڭرىگە يېقىنلىشى» دۇر. دۇڭ جۇڭشۇ يەنە «مۇزەككەر ئەزىز، مۇئەننەس پەس»، «تەڭرىيەت مۇزەككەرنى ئېزىزلاپ، مۇئەننەسنى ئەتىۋارلىمايدۇ» دېگەنلەر ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ۋەزىر ئۈچۈن ئەھكام، ئاتىنىڭ بالىغا ئەھكام، ئەرنىڭ خوتۇنغا ئەھكام بولۇشىدەك «پادىشاھ تەرىقىتىنىڭ ئۈچ ئەھكامىنى» ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئومۇمەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەممە ئىش تەڭرى ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېيىلىدۇ. مانا بۇ «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى» تەلىماتىدۇر. ئۇنىڭدىن يەنە تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئارىسىدا تەسىرلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. «ئەگەر پادىشاھ خاتالىق ئۆتكۈزسە تەڭرى بالايى - ئاپەت ياغدۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، بالايى - ئاپەتنىڭ مەنبىيى دۆلەتتە ئۆتكەن سەۋەنلىكتىندۇر، دۆلەتتە سەۋەنلىكنىڭ بىخلىرى كۆرۈلگەندىلا، تەڭرىيەت بالايى - ئاپەت ياغدۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش قىلىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىسىمۇ ئۆز قىلمىشىنى ئۆزگەرتمىسە، تېخىمۇ غەلىتە قورقۇنچلارنى سالىدۇ. بۇنداق غەلىتە قورقۇنچلاردىنمۇ ئۆزىنى تارتمىسا، دۆلىتى زەئىپلىشىدۇ ھەتتا ھالاك بولىدۇ» («ئەمىنىيە گۈلتاجلىرى، مېھرىبان، دانا بولۇش») دېيىلىدۇ. تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىشىشى ھەققىدىكى بۇ قاراش شۈنزىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئاتېزىملىق قارىشىغا تۈپتىن قارشى بولغان نوقۇل دىنىي تىئولوگىيىلىك بىلجىرلاشتۇر. دۇڭ جۇڭشۇنىڭ تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىشىشى ھەققىدە توختىلىشىدا ئىككى مەقسەت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى «ئاۋامنى بېسىپ، پادىشاھنى ئېزىزلاش»، «پادىشاھلىق ھوقۇقنى تەڭرى ئاتا قىلغان» لىقى ئۈچۈن خەلق پادىشاھقا مۇتلەق بويسۇنىشى، بۈيۈك بىرلىك سىياسەتلىرىنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىشى كېرەك ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقنىڭ قىل سىغماس مۇقەددەسلىكىنى ئاۋامنىڭ كاللىسىغا گىرانىت تاشقا ئويغاندەك سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. يەنە بىرى «پادىشاھنى بېسىپ، ئاۋامنى ئېزىزلاش» ئارقىلىق يەنىلا تەڭرىيەتنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق پادىشاھنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى چەكلەشتىنلا ئىبارەت. دۇڭ جۇڭشۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت تەسىرلىشىش تەلىماتىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى.

ۋاڭ چۇڭ ۋەكىللىكىدىكى ماتېرىيالىستلار بۇنداق ئىدىئالىستىك تەڭرىيەت - ئىنسانىيەت

تەلىماتىغا تەنقىد ئېلىپ باردى. ئۇلار شۇنزىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، لاۋزى ۋەكىللىكىدىكى داۋچىلارنىڭ «تەڭرىيەت مەقسەتسىز بولۇر» دەيدىغان ئىدىيىسىنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىپ، تەڭرىيەت مەقسەتسىز، ئىنسانىيەت تەرىقىتى مەقسەتلىك بولۇر دەيدىغان «تەڭرىيەت تەبىئىي بولۇر» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ چۇڭنىڭ قارىشىچە، ئاسمان بىر پارچە قاتتىق جىسىم بولۇپ، سەككىز تۈمەن چاقىرىم بوشلۇقتا ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ، تەڭرىيەتمۇ تەبىئىي جىسىم بولۇپ، ئاڭسىز بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەيئىلەر ئىپتىدائىي گازدىن پەيدا بولىدۇ. ئىپتىدائىي گاز بارلىق جىسىملاردىن تەكشى ئورۇن ئالغان بولۇپ «گاز دېمەكلىك ـ نام ـ شۆھرەتتىن يىراق، ھەۋەسسىز، مەقسەتسىز بولۇر» («مىزان ھەققىدە. تەبىئەت»)، شۇڭا، تەڭرىيەتتە ئىرادە بولمايدۇ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىمۇ تەبىئىي، مەقسەتسىز بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئاڭ بولمايدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت بىلەن روھىيەتنىڭ تەسىرلىشىشىدە بولمايدۇ، «ئىنسانىيەت ئۆز قىلمىشى بىلەن تەڭرىيەتنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، تەڭرىيەتمۇ ئىنسانىيەت قىلمىشلىرىغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايدۇ» («مىزان ھەققىدە. زارەخەتمە»). ئىنسانىيەت روھىيىتى ئارقىلىق تەڭرىيەتنى تەسىرلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش خام ـ خىيالدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بىــراق، ۋاڭ چۇڭ ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي گازدىن ئاپىرىدە بولغان، بۇنداق گاز ئىنسانىيەتكە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇنداق تەسىر تەبىئىي بولۇپ، ھېچقانداق ئىرادىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ، دەرۋەقە، ئىنسانىيەت تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارنــى قىلماسلىقى كېرەك دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماتېرىيالىستىك ئاساستىكى تەڭرىيەت مەقسەتسىز بولۇر دەيدىغان ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەينى دەۋردە ئەۋج ئالغان تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىشىشى ھەققىدىكى تەلىماتلارغا رەددىيە بېرىدۇ.

ئىلمىي تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ بارلىق بىلەن يوقلۇق مەسىلىسى، بۇددا دىنىنىڭ روھنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقالماسلىقى، نامچىلىق بىلەن تەبىئەت، تىل بىلەن دىل، شەكىل بىلەن روھ ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى مەركەزلىك مۇنازىرە قىلىش ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى پەلسەپىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى بولۇپ قالغانىدى. تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مەسىلىسىدىكى مۇزاكىرىدە ئانچە چوڭ ئىلگىرىلەش ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئۇلار تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن لاۋزى بىلەن جۇاڭزىنىڭ تەبىئىيلىك تەلىماتلىرى بويىچە شەرھلەشتى. ئىلمىي تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئىجادچىسى ۋاڭ بى «ئاسمان بىلەن يەر تەبىئىي، مەقسەتسىز بولۇپ، ئۆز ئېقىشىدا بولىدۇ، بارلىق شەيئىلەر بىر ـ بىــرىنــى ئىدارە قىلىشىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلاردا مېھرىبانلىق بولمايدۇ» («لاۋزى». 5 ـ بابقا شەرھى) دەپ تەڭرىيەتنى ئىرادىسىز بولغان تەبىئىي نەرسە قاتارىغا قويىدۇ. ئىلمىي تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ يەنە بىر كاتتا ۋەكىلى گوشياڭنىڭ قارىشىچە «تەڭرى ـ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر» (جۇاڭزى. «ماددىلارنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدا» غا شەرھ). دېمەك، شەيئىلەردىن ئايرىلغان تەڭرى بولمايدۇ، شۇڭا، تەڭرىيەت تەبىئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھالبۇكى، ئىنسانىيەتمۇ تەبىئەتكە ماسلىشىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. روشەنكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى تامان چىندىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى لاۋزى ـ جۇاڭزى باشچىلىقىدىكى داۋچىلارنىڭ تەبىـئـىيلىــك تەلىماتلىرىنىڭ جارىي قىلدۇرۇلىشى بولدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىگە تەۋە. بۇ مەزگىلدە ليۇزۇڭيۈەن بىلەن ليۇيۈشىدىن ئىبارەت ئىككى ماتېرىيالىست پەيلاسوپ ئەنئەنىۋى ئىلاھىي تەقدىر نەزەرىيىسى بىلەن تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىشىشى تەلىماتلىرىغا چوڭقۇر تەنقىد ئېلىپ بېرىپ، تەڭرىيەت ـ ئىنسانىيەت مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشتى. گەرچە بۇ مەزگىللەردىكى ئىلاھىي تەقدىر نەزەرىيىسى بىلەن

تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەسىرلىنىش تەلىماتلىرى ئىككى خەن دەۋرىدىكىدەك ئىدىيىۋى ساھەدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە داۋاملاشقان تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ھەققىدىكى مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە، چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر ۋە ئىككى خەن دەۋرلىرىدىكى مۇنازىرىلىرىنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى. ليۇزۇڭيۈەن بىلەن ليۇيۈشىلار ۋاڭ چۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىپتىدائىي گازنىڭ تەبىئىيلىكى ھەققىدىكى تەلىماتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىپتىدائىي گاز ئارقىلىق كائىناتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ۋە كائىناتنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشەندۈردى.

شۇ دەۋرنىڭ كاتتا مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولغان خەن يۈ ليۇزوڭيۈەنگە يازغان بىر پارچە مەكتۇبىدا، كىشىلەر رىيازەت چېكىشكىنىدە تەڭرىگە نالە قىلىشىدۇ. بۇ نالىلەر تەڭرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تەڭرى ياخشىلىقنى تەقدىرلەپ، بالا ـ قازا تەرگۈچىنى جازالىسا كېرەك دەيدۇ. ليۇزۇڭيۈەن «تەڭرىيەت ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، «ئاسمان ـ زېمىن مېۋە ـ چېۋىگە ئوخشاش» لا تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ «ياخشىلىقنى تەقدىرلەپ، بالا ـ قازا تەرگۈچىنى جازالىسۇن؟»، تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ ۋە «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئۆز ئارا دەخلى ـ تەرۇزسىزدۇر» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قاراش شۇنزىنىڭ «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پەرقلىنىشى»، ۋاڭ چۇڭنىڭ «تەڭرىيەتنىڭ تەبىئىيلىكى» تەلىماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانچە يېڭى ئىلگىرىلەشنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىدى.

ليۇيۈشى ليۇزۇڭيۈەننىڭ «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئارا دەخلى ـ تەرۇزسىزلىكى» قارىشىنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا تولۇقلاش ئېلىپ بېرىپ، «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ھەر قايسىسى ئۆز رولىغا ئىگە بولۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەت بىلەن تەڭرىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەلىماتلارنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. ليۇيۈشىنىڭ قارىشىچە، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆز روللىرى بولىدۇ، تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، تەڭرىيەتنىڭ رولىنى ئىنسانىيەت ئالالمىغىنىغا ئوخشاش، تەڭرىيەتمۇ ئىنسانىيەت رولىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىيەت جىمى ھاياتلىقلارنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇنىڭ رولى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقتا بولىدۇ؛ ئىنسانىيەت قانۇن ـ تۈزۈم تۈزىدۇ، ئۇنىڭ رولى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشتا ئىپادىلىنىدۇ». «تەڭرىيەت». تەڭرىيەتنىڭ رولى قانداق بولىدۇ؟ «ئەتىياز، ياز پەسىللىرى مۆزەككەر يۇقىرى ئۆرلەپ، ھاۋا ئىسسىيدۇ، جانلىقلارغا جان كىرىپ، ئۆسىدۇ؛ كۈز، قىش پەسىللىرىدە مۆھەننەس يۇقىرى ئۆرلەپ، كۈن سوۋۇشقا باشلايدۇ، جانلىقلار خازان بولىدۇ؛ سۇ بىلەن ئوت ئاپىتى ھەممە نەرسىلەرگە زەخمەت سالىدۇ، ياغاچ قاتتىق بولىدۇ، مېتالدىن ئۆتكۈر تىغلارنى ياسىغىلى بولىدۇ، ئادەم ياش ۋاقتىدا قاۋۇل، بەردەم بولىدۇ، قېرىغاندا ئاجىزلايدۇ؛ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بويسۇندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىيەتنىڭ رولىدۇر. («تەڭرىيەت»). نىھايەت، تەڭرىيەتنىڭ رولى تەبىئەتنىڭ رولى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغا تەبىئىي تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانىيەتنىڭ نېمە رولى بولىدۇ؟ ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ رولى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تۈزەش ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۆزەككەر يۇقىرى ئۆرلىگەندە تېرىقچىلىقنى باشلاش، مۆھەننەس ئۆرلىگەندە ھوسۇل يىغىش؛ كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، يەرلەرنى سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش؛ ئورمانلارنى كېسىپ، ياغاچ ئىشلىتىش، رودا قېزىپ، مېتال تاۋلاش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، قائىدە ـ يوسۇن تۈزۈش، دانىشمەنلەرنى ھۆرمەتلەش، توغرا ئىستىللارنى تۇرغۇزۇش، ناچار ئىستىللارنى بېسىش قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ رولىدۇر» («تەڭرىيەت»). شۇڭا، ئۇ دەيدۇكى «تەڭرىيەتنىڭ رولى مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتا، ئىنسانىيەتنىڭ رولى مۇشۇ مەۋجۇداتلاردىن پايدىلىنىشتۇر» («تەڭرىيەت»). «تەڭرىيەتنىڭ رولىغا ئىنسانىيەت قادىرسىزدۇر، تەڭرىيەتمۇ ئىنسانىيەت رولىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ» («تەڭرىيەت»). شۇڭا ئۇ، تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەر قايسىسى ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى جارىي قىلدۇرۇشتا بولۇشى

كېرەك دېمەك قارايدۇ. بۇ شۇنزىنىڭ «تەڭرىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىش» تىن ئىبارەت ئادەم تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدۇ دېگەن ئىدىيىسىنىڭ كونكرېت تەرەققىي قىلدۇرۇلىشى بولدى.

سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ۋە يېقىنقى زامانلاردا «تەڭرىيەت ـ ئىنسانىيەت» كاتېگورىيىسى پەلسەپە مۇزاكىرىسىنىڭ مەركىزىي مەسىلىسى بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تەسىرى باشتىن ـ ئاياق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. سۇڭ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئىدىئالىست لى شۇناسلار تەڭرىيەتنى لى ياكى قەلب دېيىشتى. مەسىلەن، ئاكا ـ ئۇكا چىڭلاردىن چىڭ يى ئېنىق هالدا «تەڭرىيەت ـ لى دېمەكتۇر»، «قەلبنىڭ ئۆزى تەڭرىيەتتۇر» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماتېرىيالىست پەيلاسوپ جاڭ زەي قاتارلىقلار تەڭرىيەتنى ماددىيلىقتا ئىگە گاز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشتى. جاڭ زەي مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىيەتنىڭ نامى مەۋھۇم بوشلۇقتىن كەلگەن» («نادانلىقتا خاتىمە» تەرىقەت)، مەۋھۇم بوشلۇق گازنىڭ ئەسلى هالىتى بولۇپ، «مەۋھۇم بوشلۇقنىڭ ئۆزى گازدۇر». يېقىنقى زامان بۇرژۇئا ئىنقىلابچىسى جاڭ تەيیەنمۇ «تەڭرىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە يېقىنقى زامان ئاسترونومىيە نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ «تەڭرىيەت» نىڭ ماددىيلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئەنئەنىۋى تەقدىر ئىلاھى نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلىپ، سۇنزىنىڭ «تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش» دېگەن ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندى.

«تەڭرىيەت» بىلەن «ئىنسانىيەت» كاتېگورىيىسى ئېلىمىز پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. تەپەككۇر ئېقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى پەلسەپە تارىخى ئۆگىنىش، جۇڭگو پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدىن ئىبارەت بۇ بايلىقنى ئۆگىنىش ۋە قېزىش ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. جۇڭگۇيشى: «جۇڭگو ئەنئەنىۋى پەلسەپىسى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

2. فىن يۇلەن: «يېڭى تۈزۈلگەن جۇڭگو پەلسەپە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

3. پېي داياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو پەلسەپە تارىخى»، چېڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

4. «جۇڭگو پەلسەپە كاتېگورىيىلىرى توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

5. رېن جيۇ: «جۇڭگو پەلسەپە تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى 2 ـ نەشرى.

6. فىن يۇلەن: «قىسقىچە جۇڭگو پەلسەپە تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

7. خەنزۇچە «ئوكيانۇس» پەلسەپە قىسمى، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

8. كۇڭزى: «مۇهاكىمە ۋە بايان»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

9. مېڭزى: «مېڭزى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

10. لاۋزى: «لاۋزى»، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



جاۋابكار مۇهەررىرى: ئوسمان مۇهەممەت

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第20卷第4期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999年12月

# ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا

تۇرسۇننىياز ساۋۇر*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئالاقىدار ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇنىڭغا تۇتقان زىددىيەتلىك مەيدانى، ياۋروپا دوللىرىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文通过实例简要论述欧元的产生,有关国家对它所持的矛盾立场,欧元对世界经济的影响等问题。

**Abstract**: This article briefly expounds the production of Eurodollars, the contradictory position of the major countries on them, their effect produced on world economics and other issues.

## I

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپا ئىقتىسادىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا مۇئەييەن يېڭى پەن - تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماددىي جەھەتتىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئامېرىكا بىر تەرەپتىن شەرقتىكى سوتسىيالىستىك ئەللەرگە قارشى ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتە غەربىي ياۋروپانى بىۋاسىتە قورغان قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋروپاغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا مىقياسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر تىركىشىشىدە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياۋروپاغا ماددىي ياردەم بەرمەكچى بولدى. 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جىئورجى كاتلېت مارشال مەشھۇر «ياۋروپانى گۈللەندۈرۈش لايىھىسى» («مارشال پىلانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1948 - يىلى 4 - ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى «ئامېرىكىنىڭ سىرتقا ياردەم بېرىش قانۇنى» نى ماقۇللاپ، مارشالنىڭ پىلانىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. بۇ قانۇننىڭ تىغ ئۇچى كوممۇنىزم، جۈملىدىن سوتسىيالىزم دۇنياسىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى — ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 10 مىلياردتىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى

* تۇرسۇننىياز ساۋۇر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، بىرلىق ياردەمدىن بەھرىمەن بولغۇچى دۆلەتلەر مۇئەييەن نىسبەتتىكى ئامېرىكا ماللىرىنى سېتىۋېلىشى، تاموژنىدىكى توسالغۇلارنى تېزدىن تۈگىتىشى، تاشقى پرېۋوت جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تېزدىن بىكار قىلىشى ياكى بوشىتىشى، ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئىشلىتىشكە بولغان نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۆز زېمىنى ياكى مۇستەملىكىلىرىدىن چىقىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالار بىلەن ئامېرىكىنى تەمىنلىشى، ئامېرىكىنىڭ كونتروللۇقىدىكى «باراۋەر فوند» تەسىس قىلىپ، ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ خۇسۇسىي مەبلەغ سېلىش ۋە ئېچىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى شەرت، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

1948 ـ يىلى «مارشال پىلانى» غا ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى كېڭىشىپ تەقسىم قىلىدىغان ئورگان سۈپىتىدە، ياردەمنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق 10 دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى — ياۋروپا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەسمىي قۇرۇلدى. «مارشال پىلانى» نىڭ ئەسلى مۇددىتى 1948 ـ يىلدىن 1952 — يىلىغىچە 5 يىل ئىدى، بىرلىق 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكا ئۇنىڭ ئورنىغا «ئورتاق بىخەتەرلىك پىلانى» نى دەسسىتىپ، «مارشال پىلانى» نى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ياۋروپا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، دانىيە، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە، نورۋېگىيە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە، تۈركىيە ۋە ئەنگلىيەدىن ئىبارەت 18 گە يەتتى؛ ئامېرىكا ۋە كانادالارمۇ غەيرىي رەسمىي ئەزا سۈپىتىدە ئۇنىڭغا قاتناشتى؛ سابىق يوگوسلاۋىيەمۇ 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆزەتكۈچى ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى.

ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لېيۇكسىمبۇرگ، دانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، ئېرلاندىيەدىن ئىبارەت 10 دۆلەت 1949 ـ يىلى 5 ـ مايدا لوندوندا «ياۋروپا كومىتېتى نىزامى» نى ماقۇللاپ، ياۋروپا كومىتېتىنى تەسىس قىلدى. 1977 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۈركىيە، گرېتسىيە، سىپروس، پورتۇگالىيە، مالتا قاتارلىق 10 دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، ئەزا دۆلەتلەر 20 گە يەتتى. كومىتېت قارمىقىدا مىنىستىرلار كومىتېتى، كىشىلىك ھوقۇقى سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، مەدەنىيەت، كىشىلىك ھوقۇقى قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قاتار شەرتنامىلەر تۈزۈلدى. بۇ كومىتېت ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

1950 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ «مارشال پىلانى» نى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى سىنتەبىردە ئالاقىدار دۆلەتلەر «ياۋروپا تۆلەم كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، ئەزا دۆلەتلەر ئارا ھەر ئايدا بىر قېتىم نەق چوت ھېساباتى قىلىش، ھېساب بوغۇشتا مالىيە قىيىنچىلىقى بار ئەزا دۆلەتلەرگە قەرز بېرىشنى قارار قىلدى. 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەزا دۆلەتلەر يېڭى كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۆز ئارا پۇلنى ئەركىن ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سودىدا كېلىپ چىقىدىغان پەرقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھېساب بوغقاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن ياكى ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق تۆلەشنى، 600 مىليون دوللارلىق ياۋروپا ئامانەت ـ قەرز فوندى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى. 1950 ـ يىلى مايدا فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى روبېرت شۇمان «شۇمان پىلانى» دەپ

ئاتالغان «ياۋروپا پولات ـ كۆمۈر ھەمكارلىق پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1951 ـ يىلى ئاپرېلدا فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت 6 دۆلەت 50 يىللىق «ياۋروپا پولات ـ كۆمۈر ھەمكارلىقى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، 6 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا پولات ـ كۆمۈر تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت چەكلىمىسىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، پولات ـ كۆمۈر ئورتاق بازىرى بەرپا قىلىشنى بەلگىلىدى. 1957 ـ يىلى مارتتا يۇقىرىدىكى 6 دۆلەت رىمدا «ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيىسى ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، پولات ـ كۆمۈر ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى ئاتوم ئېنېرگىيىسى ساھەسىگىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە تارىختا «غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرى» ياكى «ياۋروپا ئورتاق بازىرى» دەپ ئاتالغان «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە غەربىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي گۇرۇھى بولۇپ، كېلىشىمگە ئاساسەن، 6 دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تاموژنا 1968 ـ يىلى ئىيۇلدا مۇددەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن تولۇق بىكار قىلىندى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە تاموژنا ئىتتىپاقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك سىياسىتى ۋە باھاسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئورتاق يېزا ئىگىلىك فوندى تەسىس قىلىنىپ، مال، ئەمگەك كۈچى ۋە مەبلەغ ئەركىن ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدە شەكىللەندى.

ئەمما غەربىي ياۋروپانىڭ بىرگەۋدىلىشىش مۇساپىسى ھەرگىزمۇ تەكشى بولمىدى. 1958 ـ يىلى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە كونا ئاداۋەتنى ئاساس قىلىپ دانىيە، نورۋېگىيە، پورتۇگالىيە، شىۋېتسارىيە، شۋېتسىيە، ئاۋستىرىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ، 1960 ـ يىلى مايدا تارىختا «كىچىك ئەركىن سودا رايونى» ياكى «7 دۆلەت گۇرۇھى» دەپ ئاتالغان «ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى 7 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تاموژنا، يېزا ئىگىلىك سىياسىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئوخشاش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1961 ـ يىلى ئىيۇن ۋە 1970 ـ يىلى مارتتا فىنلاندىيە ۋە ئىسلاندىيىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ئەزاسى 9 غا يەتتى. لېكىن 1973 ـ يىلى يانۋاردا ئەنگلىيە بىلەن دانىيىلەر ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولدى. قالغان 7 دۆلەتمۇ 1972 ـ، 1973 ـ يىللىرى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كېلىشىم ئىمزالاپ غەربىي ياۋروپا ئەركىن سودا رايونىنى بەرپا قىلدى. لېكىن ئەڭ دەسلەپ ئىتتىپاق تۈزگەن 7 دۆلەت تا ھازىرغىچە ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ياۋروپا دوللىرىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا مەيدانغا كېلىشىدە فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت 6 دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 1957 ـ يىلىلا ئۇلار «ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بىرگەۋدىلەشكەن ياۋروپا ئىتتىپاقى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 1965 ـ يىلى ئاپرېلدا ئۇلار يەنە «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى»، «ياۋروپا پولات ـ كۆمۈر ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ۋە «ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئىتتىپاقى» نى بىرلەشتۈرۈپ، «ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى» نى بەرپا قىلىش توغرىسىدا شەرتنامە ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە بىرگەۋدىلەشكەن ياۋروپا بەرپا قىلىشنىڭ مۇساپىسى 2 ـ باسقۇچقا قەدەم قويدى.

«ئورتاق گەۋدە شەرتنامىسى» غا ئاساسەن، 1967 ـ يىلى ئىيۇلدا يۇقىرىدىكى 3 ئورگان

بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەتتىن ھالقىغان، ئەمەلىيەتتە بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى تەسىس قىلىندى. 1973 - يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە، دانىيىلەر ئورتاق گەۋدىگە رەسمىي قاتناشقاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپادا ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى تىركىشىپ تۇرىدىغان ھالەت ئاخىرلاشتى؛ نەتىجىدە ئورتاق گەۋدىنىڭ زېمىنى بىر مىليون 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، ئاھالىسى 256 مىليونغا يەتتى. 1972 - يىلى 22 - ئىيۇلدىن كېيىن يەنە ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، 16 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان ئەركىن سودا رايونىنى بەرپا قىلدى؛ ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ۋە باشقا رايونلاردىكى نەچچە ئونلىغان دۆلەت، رايونلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشكۈچى دۆلەتلىك كېلىشىمى ياكى تاموژنىدا ئېتىبار بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ 100 دىن ئارتۇق دۆلەت ئورتاق گەۋدىگە ۋەكىل ئەۋەتتى. دۆلىتىمىزمۇ 1975 - يىلى مايدا ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1972 - يىلى فېۋرالدا، ئورتاق گەۋدىنىڭ مىنىستىرلار يىغىنى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1980 - يىلىدىن بۇرۇن ئىقتىساد، پۇل جەھەتتە بىرگەۋدىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى؛ شۇ يىلى ئۆكتەبىردە پارىژدا ئورتاق گەۋدىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى 1980 - يىلىدىن بۇرۇن ئورتاق گەۋدىنى سىياسىي خاراكتېردىكى ياۋروپا ئىتتىپاقى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى جاكارلىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە گرېتسىيە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيىلەر ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادا ئامېرىكا دوللىرىنى يادرو قىلغان پۇل - مۇئامىلە سىستېمىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە ئۇ ئاز - تولا خىرىسقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خەلقئارادىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پۇل بىرلىكى بولۇپ قېلىۋەردى. مارك، فرانك، ياپونىيە يېنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمىدى. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئورنى خەلقئارا پۇل - مۇئامىلە ساھەسىدە ئامېرىكىنى تۆرلۈك ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلدى: (1) ئامېرىكا ھېچقانداق چەكلىمىسىزلا ئۆز دوللىرىنى بېسىپ تارقىتىپ ئۆزىنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمىنى تولدۇرىدى. 1998 - يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ تاشقى قەرزى بىر تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن «قايتۇرۇشى ھاجەتسىز» بولۇپ، ئۆزىنىڭ دوللىرىنى بېسىش ۋە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق، بۇ چوڭ ھاڭنى ئاسانلا تولدۇرۇۋالالايدۇ؛ (2) «دوللار ئۆسۈمى» دىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنداق ئۆسۈمنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى چەتئەللەرگە ئامېرىكا دوللىرىنى تارقىتىشتىن ئېرىشىدىغان پۇل بېسىش بېجى. ئامېرىكا ھەر يىلى بۇنىڭدىن 5 مىلياردتىن 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغىچىلىك نەپكە ئېرىشىدۇ؛ ئۆسۈمنىڭ يەنە بىر مەنبىيى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ «ۋاسىتىچى پۇل» بولۇشىدىن ئېرىشىدىغان پايدىدۇر. ئامېرىكا سودا بانكىسى ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەشتە، قەرز ئالغۇچىدىن ئامېرىكا بانكىلىرىغا ئالماقچى بولغان قەرزىنىڭ %50 گە باراۋەر كېلىدىغان ئېھتىيات فوندىنى ئامانەت قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەت بويىچە بۇنداق ئېھتىيات فوندىغا ئۆسۈم بېرىلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ھەر يىلى بۇنىڭدىن بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئۆسۈمسىز قەرزگە ئېرىشىدۇ. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئورنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. 70 -، 80 - يىللاردا ئامېرىكا ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيىنى ئۆز پۇللىرىنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى، دوللار بىلەن مارك، يېنلارنىڭ پۇل كۇرسى داۋاملىق داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى، ئامېرىكا دائىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى.

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئامېرىكىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن پۇلى بولمىغانلىقتىن، ھەم بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى شەكىللەنمىگەنلىكتىن، خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە بازىرىدىكى ئورنى ئامېرىكىدىن تۆۋەن تۇرۇپ كەلدى. ئالايلۇق، ئامېرىكىنىڭ سودا مىقدارى خەلقئارا سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %17 نى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما خەلقئارا سودىسىنىڭ %57 ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق نەق چوت قىلىنىدۇ. بۇنداق رېئاللىق غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنى خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە جەھەتتە بىرلىككە كېلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. گەرچە 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن ياۋروپادىكى تارىخىي داۋالغۇش، بالقان يېرىم ئارىلىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي توقۇنۇشلار بۇنىڭغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسى يەنىلا توختاپ قالمىدى.

## II

21 ـ ئەسىردە، ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا خوجايىنلىق قىلىدىغان ئورنىدا جەزمەن ئۆزگىرىش بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق. ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك دەلىلى. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇندا ئالاقىدار تەرەپلەر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بېلگىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ئىرلاندىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە، ئاۋستىرىيە، پورتۇگالىيە ۋە فىنلاندىيىدىن ئىبارەت 11 دۆلەت ياۋروپا دوللىرىنى تۇنجى قوللانغۇچى دۆلەتلەر بولدى؛ گرېتسىيىنىڭ شەرت ـ شارائىتى كېلىشىمدىكى تەلەپكە يەتمىگەنلىكتىن ۋاقىتلىق كېچىكىشى بەلگىلەندى؛ ئەنگلىيە، دانىيە، شۋېتسارىيىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن چەتلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاساسلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىمۇ ئاشكارىلاپ بەردى.

زىددىيەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ياۋروپا مەركىزىي بانكىسىنىڭ باشلىق نامزاتى مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. قالغان 14 دۆلەتنىڭ ھەممىسى ئۇزۇندىن بېرى ياۋروپا مەركىزىي بانكىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن گوللاندىيىلىك مالىيە، پۇل ـ مۇئامىلە مۇتەخەسسىسى دېيسېنبېخنىڭ تەيىنلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى؛ كولمۇ ئۇنى كۆپ يىللاردىن بېرى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ كەلدى، ئەھۋالنى پىششىق بىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ دۇنيا پۇل فوندى تەشكىلاتى، گوللاندىيە مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ كەسىپكە پىششىق، تەجرىبىسى مول، دەپ نامزاتلىققا كۆرسەتكەن، كولنىڭ قارىشىچە، گېرمانىيە مەركىزىي بانكىسى ھۆكۈمەتتىن خالىي پۇل ـ مۇئامىلە ئاپپاراتى بولۇپ، ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى فرانسىيە دۆلەت بانكىسىغا ئوخشىمايدۇ، كەلگۈسىدىكى ياۋروپا مەركىزىي بانكىسىمۇ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان مۇستەقىل ئاپپارات بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. شىراكنىڭ قارىشىچە، ياۋروپا بانكىسىنىڭ تۇنجى باشلىقلىقىنى فرانسىيە دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقى، مول تەجرىبىلىك تېرىس ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شىراكنىڭ ئاساسى، ياۋروپا بانكىسىنىڭ ئورنى گېرمانىيىنىڭ فرانكفورتتا تەسىس قىلىنغان ئىكەن، بانكا باشلىقلىقىنى فرانسىيىلىكلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىككى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا يەنە دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن جامائەت پىكرى بېسىمى بار ئىدى. ياۋروپا دوللىرىنى

تارقىتىش ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەندە، ھەر قايسى ئالاقىدار ئەللەر يۇقىرىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن تەشۋىشلەر بولدى. فرانسىيىدە بەزىلەر «ياۋروپا دوللىرىنىڭ تارقىتىلىشى دۆلەتنىڭ بىر قىسىم ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ قارىدى، ھەتتا شىراكنى گېرمانىيىگە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇۋەتتى، دەپ تەنقىد قىلغۇچىلارمۇ بولدى، شۇڭا بانكا باشلىقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فرانسىيە جامائەتچىلىكىگە ئاز - تولا تەسەللىي بېرىش كېرەك ئىدى. گېرمانىيىگە كەلسەك، مارك دۇنيادا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان پۇل بىرلىكى بولۇپ، ئۇ گېرمانىيىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى، شۇڭا ماركنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىشىنى كۆپ ساندىكى گېرمانىيىلىكلەر قوبۇل قىلالمايتتى. گەرچە ھۆكۈمەت ياۋروپا دوللىرىنىڭ پايدىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. ئادەتتىكى پۇقرالار ياۋروپا دوللىرىنىڭ ماركتەك پۇختا بولالماي، ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇڭا خېلى بىر قىسىم جامائەت گېرمانىيىنىڭ ياۋروپا دوللىرىنى كېچىكىپرەك يولغا قويۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كولنىڭ شىراكقا ئارتۇق يول قويۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان لايىھە - دېئىسىنبېرخ ياۋروپا بانكىسىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولىدىغان، ئەمما ئۇ ئەسلىدىكى شەرتنامە بويىچە 8 يىل ۋەزىپە ئۆتىمەستىن، 2002 - يىلى ياۋروپا دوللىرى رەسمىي قوللىنىلىدىغان پۇل بولۇشتىن ئىلگىرى چېكىنىپ چىقىدىغان، ئۇنىڭ ئورنىنى فرانسىيە دۆلەت بانكىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقى ئۈستىگە ئالىدىغان ھەم 8 يىل ۋەزىپە ئۆتەيدىغان لايىھە قوبۇل قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قالغان 13 ئەزا دۆلەت ئىچىدىمۇ تۈرلۈك زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ياۋروپا دوللىرىنى تۇنجى تارقاتقۇچى دۆلەتلەر 15 بولماستىن، بەلكى 11 بولۇپ قېلىشى بۇنىڭ مىسالى ئىدى. قالغان 4 دۆلەت ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ شارائىتى شەرتنامىدىكى تەلەپكە يېتەتتى؛ لېكىن پۈتكۈل بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىدە گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە تەشەببۇسكار بولۇپ كەلدى، ئەنگلىيە تارىخىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. باش ۋەزىر بىلئار تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن بۇرۇنقىلارنى تەنقىد قىلىپ، ئۆزى ئاكتىپ قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيىنىڭ قاتنىشىشىنى ئارقىغا سۈرۈپ، ئاخىرقى سۆھبەتتىكى رىياسەتچىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، مۇرەسسەچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەنگلىيىنى زىددىيەتتىن تارتىپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە دانىيە بىلەن شۋېتسىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئەگەر تاسادىپىيلىق بار دېيىلسە، گرېتسىيىنىڭ «سەپ» تىن چۈشۈپ قېلىشى تاسادىپىيلىق بولدى. 4 دۆلەت ئىچىدە گرېتسىيە بىردىن - بىر «شارائىتى پىشىشىپ يېتىلمىگەن» لىكتىن كېچىكتۈرۈلگەن دۆلەتتۇر. ئەمەلىيەتتە گرېتسىيىنىڭ «شارائىتى» ئىتالىيىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ؛ شۇڭا گرېتسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىمى «شارائىت پىشىشىپ يېتىلمىگەن» لىك بولماستىن، بەلكى جىددىي پەيتتە «قولىدىن تارتىۋالىدىغان» ئىتتىپاقداش «بۇرادەر» لەرنىڭ كەملىكى بولدى.

ئىتالىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئەندىشىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ تولۇق ئىشەنچ يوق ئىدى. ئىتالىيە مالىيىسى 70 - يىللاردىن باشلاپ قۇرۇلما خاراكتېرلىك قىزىل رەقەم دەۋرىگە كىردى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ناچارلىقى، ھۆكۈمەت چىقىمىدىكى بەتخەجلىك قاتارلىقلار سەۋەبىدىن دۆلەت قەرزى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كەتتى. 80 - يىللاردا ھەر يىللىق خام چوتتا قىزىل رەقەم 10% تىن 11% كىچە نىسبەتنى ئىگىلەپ كەلدى، 1994 - يىلى دۆلەت قەرزى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ، خام چوتنىڭ 124.9% نى ئىگىلىدى. 15 دۆلەت ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ دۆلەت قەرزى

$\frac{1}{4}$ دىن ئارتۇق نىسبەتنى ئىگىلىدى. شۇڭا ئۇ ھەر يىلى خەلق ئىگىلىكى كىرىمىنىڭ 10% نى ئاجرىتىپ قەرزىنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەينى ۋاقىتتىكى پرودى ھۆكۈمىتى ياۋروپا دوللىرىنى تۇنجى تارقاتقۇچى دۆلەتلەر قاتارىغا كىرەلىشىگە تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىدى. شۇڭا پرودى ھۆكۈمىتى قىزىل رەقەمنى 1998 - يىلى 3% ئازايتىش، قوشنا ئەللەردىن ياردەم سوراشنى پىلانلىدى، ئۇ ئالايتەن ئىسپانىيىگە بېرىپ ياردەم سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسپانىيە شەرتنامىدىكى بەلەپتە چىڭ تۇردى. فرانسىيە، گېرمانىيىلەرمۇ مۇددەت مەسىلىسىنى تەكىتلىدى. شۇڭا ئىتالىيە ھۆكۈمىتى باشنى ئىچىگە تىقىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن قەتئىي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «ياۋروپا دوللىرى بېجى» يىغىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى، بىراق بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۇزۇندىن قالغان «يىغىندا كېسەل» نى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە داۋالاپ كېتەلىشى قىيىن ئىدى. لېكىن ئىتالىيە فرانسىيە، گېرمانىيىلەر بىلەن بىرگە ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەڭ بالدۇر ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ، بۇ قېتىمقى قىيىن پەيتتە، كونا دوستلىرى ئۇنى يەنە تاشلاپ قويمىدى. فرانسىيە ئەمەلدارلىرى «ياۋروپا دوللىرىدا ئىتالىيە بولمىسا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈردى، گېرمانىيىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ شۇنداق قاراشتا بولدى. بۇندىن باشقا 70% تىن ئارتۇق ئىتالىيىلىك ياۋروپا دوللىرىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ 15 دۆلەت ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى نىسبەت ئىدى. بۇنداق قوللاش ئاستىدا پرودى ھۆكۈمىتى «ئەقىل - پاراستى» نى ئىشقا سېلىپ، ئۆلچەمگە يېتىشتە «ھۈنەر» ئىشلەتتى. پەقەت سىرتقى نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇلار ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «قۇرۇلما ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى فوندى» دىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلىدى. بۇ 1994 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە ئىتالىيىگە جەمئىي 333 مىليارد 800 مىليون لىرالىق غايەت زور پايدا يەتكۈزدى. ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا ياۋروپا مۇپەتتىش ئىدارىسى بۇنى بايقاپ ھەيران قالدى. گېرمانىيە ياۋروپا خام چوتىنى نەق پۇل بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاساسلىق دۆلەت بولغاچقا، گېرمانىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى چۆچۈگەن ھالدا «بۇ گېرمانىيىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ئۆلچەمگە يەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى ......... ئەمما گرېتسىيە بولسا بۇنداق «بوشلۇق» ۋە «ھۈنەر» دىن قىلچە پايدىلىنالمىدى.

III

1999 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ ياۋروپا دوللىرى سودا خاراكتېردىكى ئالماشتۇرۇش ھېساباتى بىرلىكى بولىدۇ، 2002 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ رەسمىي ئوبوروت قىلىنىدۇ، شۇ يىلى 30 - ئىيۇندىن باشلاپ ياكى سەل كېيىنرەك ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پۇللىرى ئوبوروتتىن تولۇق چېكىنىپ چىقىدۇ. ياۋروپا دوللىرىنى تۇنجى بولۇپ تارقاتقان 11 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 290 مىليون، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى دۇنيا ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 19.4% نى ئىگىلەيدۇ. سودا ئومۇمىي سوممىسى دۇنيا ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 18.6% نى ئىگىلەيدۇ؛ ھالبۇكى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىدىكى 3 تۈردىكى سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 270 مىليون 19.6% ۋە 16.6% دىن ئىبارەت. دېمەك، يۇقىرىدىكى 3 تۈردە ئىككى تەرەپ ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا ئامېرىكا ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكا دوللىرىغا قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسىئونلار، پۇل - مۇئامىلە ۋە ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ياۋروپا دوللىرىنىڭ تارقىتىلىشى بىلەن ئامېرىكا

دوللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاخىرلىشىدۇ، ئۇ كەلگۈسىدە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسىگە ئايلىنىدۇ، ھەتتا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇرۇش» بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كەلگۈسىدە ئىككىسىنىڭ قانچىلىك تىركىشەلەيدىغانلىقى، ياۋروپا دوللىرىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ـ باسالمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس، چۈنكى ياۋروپا دوللىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىش يولىدا يەنە بەزى پايدىسىز ئامىللار مەۋجۇت: بىرىنچى، دۇنيا پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىكى داۋالغۇش ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن بۇ دوللار دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تۇراقسىز ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئېكسپورتى تەسىرگە ئۇچرىدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلاپ كەتتى؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن پۇل سىياسىتى بولسىمۇ، ئەمما بىرلىككە كەلگەن مالىيە، ئىجتىمائىي سىياسىتى يوق، ئىشسىزلىق ئىزچىل تۇردە يۇقىرى نىسبەتتە تۇرۇۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچلۈك ئورنى يەنە خېلىغىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ يەنىلا زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ كۈچلۈك بازار ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بۇنداق «ئادەت خاراكتېرلىك رولى» يەنە ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولىدۇ.

ياۋروپا دوللىرىغا قارىتا ئامېرىكا ھەم ئاكتىپ ھەم ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى، ياۋروپامۇ ئۇنى ئامېرىكىغا نىسبەتەن پايدىلىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. دۆلىتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، تېخىمۇ تەكشۈك بولغان خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلارغا پايدىلىق دەپ قارىماقتا. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق، ياۋروپا دوللىرى تارىخ سەھنىسىدىن رەسمىي ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ياۋروپاغا، جۈملىدىن دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي ـ سەلبىي تەسىرىنى ئەتراپلىق كۆزىتىش زۆرۈر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك پايدىسىز تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى، خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلىدىكى پۇل ئايرىۋاشلاش قىممىتى مەسىلىسىگە دىققەت قىلىش لازىم. ياۋروپا ئىتتىپاقى دۇنيادا ئامېرىكا بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان بىردىن ـ بىر ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياۋروپا دوللىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ئامېرىكا دوللىرىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى بۆسۈپ تاشلاپ، بىر خىل تەكشۈكلاشتۇرغۇچى ئامىلغا ئايلىنىدۇ، بۇ بىر پايدىلىق تەرەپ؛ لېكىن، ئۇ تارقىتىلغاندىن كېيىن، خەلقئارا مەبلىغىنىڭ يېڭى باشتىن بىرىكىشىنى ھاسىل قىلىپ، خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە مۇھىتىنىڭ تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ 2002 ـ يىلىغىچە بولغان ئۆتكۈنچى دەۋردە تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بۇ پۇل بىرلىكىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئۈستىدە ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس؛ شۇڭا، مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە، تاشقى پىرىۋوت زاپىسى، چەتئەللەر بىلەن بولغان نەق چوت ۋە قەرز مۇئامىلىسىدىكى خەۋپ ـ خەتەر ئازلىماستىن بەلكى كۆپىيىدۇ.

ئىككىنچى، ياۋروپاغا، جۈملىدىن غەربىي ياۋروپاغا بولغان ئېكسپورت مەسىلىسىگە دىققەت قىلىش لازىم. پۇل بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن بۇ رايوندىكى كارخانىلاردا بايلىقلارنى يېڭىباشتىن تەقسىملەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ ـ دە ئىگىلىكنىڭ كېڭىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەم ئىچكى ئامىللارنى قېزىش شارائىتى ئاستىدا، ئىمپورت نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن ياۋروپا دوللىرى بازىرى گەۋدىلىك بولغان ئىچكى باغلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە؛ بىر تۇتاش پۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا سودا تەننەرخى تۆۋەنلەيدۇ، ئوبوروت راۋانلىشىدۇ، پۇل ئايرىۋاشلاشتىكى خەۋپ ـ خەتەر تۈگەيدۇ، بۇنداق

پايدىلىق شارائىتتا، ئۇنىڭ سودا تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ، كەسپىي كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇشى تېزلىشىدۇ، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ تاشقى بازارغا بولغان ئېھتىياجىنى كېمەيتىدۇ.

ئۈچىنچى، ياۋروپا مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ياۋروپا دۆلەتلىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى پرىۋوت زاپىسى نورمىدىن ئارتۇق بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى مەبلەغ سېلىش مەنبىيىنى ئاساس قىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇش دولقۇنى ئاستىدا، بەزى يوتۇلۇپ كېتىلىشتىن ساقلانماقچى بولغان ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلار چەتكە كېڭىيىپ ھاياتلىق يولى ئىزدىشى مۇمكىن. بەزى كۆلىمى كېڭەيگەن، ئەمەلىي كۈچى ئاشقان كارخانىلارمۇ بۇ يولدا مېڭىشى مۇمكىن. لېكىن، پۇل - مۇئامىلە بازىرىنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ چەتئەل مەبلىغى ياۋروپاغا كىرىدۇ —دە بەزى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سىرتقا مەبلەغ سېلىش كۆلىمى تارىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، مالىيە ماتېرىياللىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، خادىملارنى تەربىيىلەش، ئالماشتۇرۇش تەننەرخىنى ئۆستۈرۈشكە ئېلىشقا تەييارلىق قىلىش لازىم. بۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان «بەدەل» دۇر. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە تولۇق ھۆكۈم قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، ئۇ پايدا ئېلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ؛ سىرتقا نىسبەتەن ئۇ يەنىلا بىر رىقابەتتىن ئىبارەت. دىققەت قىلىش كېرەككى، نۆۋەتتە ئۇنىڭ يەنە بەزى ئېنىقسىز تەرەپلىرى بار. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى سىياسىي جەھەتتىكى مۇرەسسەنىڭ مەھسۇلى، ھەرگىزمۇ 11 دۆلەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، نۆۋەتتە بۇ ئەللەرنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى 11% كە يەتتى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى تۆۋەنلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئوكيانۇس»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى، 1982 - يىلى 3 - ئاي 2 - باسمىسى.

2. مىكېلى پروسپېرو: «ياۋروپانىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى»، رىم نېۋتون ئىقتىساد نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

3. رىم «ياۋروپا - جۇڭگو ۋاقتى» گېزىتى، 1998 - يىلى 6 -، 9 -، 13 - مايدىكى سانلىرى.

4. «خەلق گېزىتى» (چەتئەل بېتى) نىڭ 1998 - يىلى مايدىكى سانلىرى.

5. «خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىلى يانۋاردىكى سانلىرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئوسمان مۇھەممەت**

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第 20 卷第 4 期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999 年 12 月

# يۇقىرى ساپالىق شەھەر ئاھالىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

خانقىز ئىبراھىم*

قىسقىچە مەزمۇنى: شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساپاسى بىر دۆلەتنىڭ مىللىي ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. ماقالىدە، يۇقىرى ساپالىق شەھەر ئاھالىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، تەخىرسىزلىكى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文阐述培养高素质市民的必要性和对高素质市民的要求。

**Abstract**: This article expounds the necessity of training townspeople with high qualities and requirements for the townspeople with high qualities.

شەھەر — ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شەھەر ئاھالىسى ساپاسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ كەلدى، دۇنيادىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى. ھازىرقى زامان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ئىنسانلار تەرەققىياتى جەريانىدا توپلانغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بولۇپ، دەۋرمۇ - دەۋر ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئۇ ھەم ۋارىسچانلىققا، ھەم ماسلىشىشچانلىققا ئىگە.

ھازىرقى زامان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت، يۈكسەك مەدەنىيەت، كەڭ دائىرىلىك بىلىم، ئالاھىدە تېخنىكا ماھارىتى، ساغلام روھىي ھالەت، مۇكەممەل بەدەن، قائىدىلەشكەن يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەت تۇغما ئالاھىدىلىككە تايىنىش ياكى تەبىئىي شارائىتقىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى كېيىنكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولسا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولسا ئىنسانلار

---

• خانقىز ئىبراھىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى.

مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇش، بۇزغۇچ رولىنى ئوينىپ، نامراتلىشىش، قالاقلىق، جىنايەت سادىر قىلىش، ئېكولوگىيىلىك بۇلغىنىش، ھەر خىل كېسەللىك قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق بىر دۆلەت ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كېرەك.

نۆۋەتتە، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ساپاسى بىر دۆلەتنىڭ مىللىي ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى مۇھىم بەلگىگە ئايلانماقتا. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ دۆلىتىمىزگە ئوخشاش شەھەرلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان، تەرەققىيات ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، كىم ئەڭ كۆپ ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن بولسا، كىم ئەڭ يۇقىرى ۋە ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان بولسا، شۇ ئەڭ تېز، ئەڭ چوڭ ۋە سىجىل تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ۋە خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچى شۇ دۆلەتتە بىلىملىك ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدە يەنى ئادەم كۈچى بايلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ ۋە يۇقىرى ساپالىق ئاھالىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىغا تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇرۇنقى نوقۇل ھالدا تەبىئىي بايلىققا ۋە ئاددىي ئەمگەك كۈچىگىلا تايىنىش بۈگۈنكى كۈندە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي نۇقتا ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئاھالىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىر ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ بىرىنچى بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تولۇق چۈشىنىپ يەتمەكتە ۋە بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس ئالىم شۇلتىس: «ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى تامامەن ماكان، ئېنېرگىيە، تېرىلغۇ يەرگىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل پاراستىنىڭ ئېچىلىشىغا باغلىق»[①] دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ھازىر دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %7 دىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا

---

① «شەھەر مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى، 1999 - يىللىق 2 - سان، 27 - بەت، خەنزۇچە.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئالدى بىلەن گېرمانىيىلىك ئالىملارنى ھەر خىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ھەر يىلى تەخمىنەن 2000 دەك ئالىم ۋە تېخنىك خادىم روسىيىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئامېرىكىغا بېرىپ ماكانلاشتى. ئامېرىكا يەنە ئۇلارغا قارىتا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھەدەپ جەلپ قىلماقتا. ياپونىيە كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 40% تىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ياپونىيىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىراجىتى ئادەتتە ئۇنىڭ ئومۇمىي خىراجىتىنىڭ 10% تىن يۇقىرىراقىنى، ئىككىنچى قاتاردىكى شىركەتلەرنىڭ 5%—10% تىنى، ئۈچىنچى قاتاردىكى شىركەتلەرنىڭ 2%—5% تىنى ئىگىلەيدۇ. سىنگاپور ئاران 3 مىليون نوپۇسقا ئىگە شەھەر دۆلىتى بولۇپ، ئەمگەك كۈچى ساپاسى جەھەتتە پۈتۈن يەر شارىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، 1996 - ۋە 1997 - يىلى ئۇدا ئىككى يىل دۇنيادىكى رىقابەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ باھالاندى، ئۇنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەككە يەتكەن.

دېمەك، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ۋە بىلىم ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە. پەقەت ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتكەندە، ئاندىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆستۈرگىلى، شۇنداقلا ئىگىلىكنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاھالىنىڭ ساپا جەھەتتىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك

21 - ئەسىردىكى رىقابەت تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق ساپاسى رىقابىتىدۇر. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم ئادەم كۈچى كاپىتالىنىڭ سان مىقدارىدىن سۈپەت مىقدارىغا كېڭىيىش تارىخىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، جىسمانىي ئەمگەك، پەن - تېخنىكا ئەمگىكى ۋە باشقۇرۇش ئەمگىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەمگەككە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. پەن - تېخنىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلىمنىڭ توپلىنىشىنى ئاساس قىلغان پەن - تېخنىكا ئەمگىكى بىلەن باشقۇرۇش ئەمگىكىنىڭ يەنى ئەقلىي ئەمگەكنىڭ تەدرىجىي ھالدا جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى ئاساس قىلىدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى مائارىپ سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئەمگەكچىلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا مائارىپ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى ئاساس قىلىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ بىر تەتقىقات دوكلاتىدا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئەمگەك

ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى %43 كە، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ %108 كە، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ %300 كە يەتكۈزىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، بۇ بىزگە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئۈمۈميۈزلۈك ئېچىش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنلاشتۇرۇش - باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئايرىلىدۇ. ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئېتىكا، ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتلەردىن ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش بولسا قابىلىيەتلىكلەرنى تەربىيىلەش، تاللاش، ئىشلىتىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش قانۇن - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ئېچىش دېگەندە، بەدەن قۇرۇلمىسى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك، ئۇزۇقلىنىشنىڭ تەڭشىلىشى، يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبى، تۇرمۇش ئادىتى، مۇھىت ۋە ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكى، شۇنداقلا سۈپەتلىك توغۇش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ ئىشلەپ، ئادەملەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سۈپىتىنى ئۈمۈميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئادەملەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قابىلىيىتىنى قېزىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە قانداق ئوزۇقلىنىش توغرىسىدىكى ئىلىم، مۇھىت ۋە تىبابەتچىلىك، ئىنسان ئىرسىيەتچانلىقىنى قانداق ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئېچىش دېگەندە، كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيەت قانۇنىيىتى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىدىن باشلاپ قول سېلىپ ئىشلەپ، ئادەملەرنىڭ پسىخولىك سۈپىتى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ساغلام بولۇشىغا ئۈمۈميۈزلۈك كاپالەتلىك قىلىپ، ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار پسىخولوگىيە، ھەرىكەت ئىلمى، باشقۇرۇش پسىخىكىسى قاتارلىق پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېتىكا جەھەتتىن ئېچىش دېگەندە، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى رەتكە سېلىش، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيىتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسىنى ئۈمۈميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇھەببەتكە، ئىللىقلىققا چۆمدۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ئېتىكا، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلە ئېتىكىسى، ئېكولوگىيە ئېتىكىسى قاتارلىق پەنلەرنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىن ئېچىش دېگەندە، ئاساسلىقى، ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەت ساپاسىنى ئۈمۈميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئەقلىي قابىلىيىتىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار پېداگوگىكا، مائارىپ پسىخولوگىيىسى، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا

ئېھتىياجلىق.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى ماھارەت جەھەتتىن ئېچىش دېگەندە، ئاساسلىقى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ماھارەت مەشغۇلاتى، ماھارەتنى باھالاش، تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتلەردىن قول سېلىپ ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر بىر ئادەمنى خىزمەت ئورنىنىڭ تەلىپىگە تولۇق ماسلىشالايدىغان يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىگە ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار چەت ئەل تىلى، كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسى، ماشىنىسازلىق ـ خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق.

دېمەك، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشتا بولۇپ، بۇ مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشىنى ياخشى، ئۇنۇملۈك ئېلىپ بېرىش تولىمۇ مۇھىم.

## 3 . شەھەرلەرنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشتىكى كونكرېت تەدبىرلەر

ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىغا تاقىلىدۇ. ئەگەر بىرلىككە كەلگەن ئېچىش پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ماسلاشتۇرۇشى بولمىسا، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشىنى ئۇنۇملۈك ھالدا يولغا قويغىلى بولمايدۇ. ئېلىمىز شەھەرلىرىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى ئاساسى بىر قەدەر ياخشى. شۇڭا، شەھەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ياخشى باشلامچى بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدىن ئالغاندا، ئېلىمىزدە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشتىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتا يېزىلاردا. چۈنكى، ئېلىمىزدە يېزا نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %80 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ %20 تىنى تەشكىل قىلىدىغان ساۋاتسىزلارمۇ يېزىلاردا. دۆلىتىمىزدىكى توپ مەسىلە دېھقانلار مەسىلىسى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسى. شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك پۈتۈنلۈكنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنى ئۇنۇملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىستېما قۇرۇلۇشى دەپ قاراپ، ئۇنىۋېرسال ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسى خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ، ئادەم كۈچى رىقابىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. جۇڭگو نوپۇسى كۆپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەن بىر دۆلەت بولۇپ، نىسبەتەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش يەنىلا ئېلىمىزنىڭ بىر تۇرلۇك تۇپ دۆلەت سىياسىتىدۇر. شۇنداقلا 2000 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇسنى بىر مىليارد 300 مىليوندا كونترول قىلىش بىزدىن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ۋەزىپە. نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشى پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ سەۋىيىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى دېگەن بىر قاتار رايونلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارمۇ يەنىلا تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمگەك بىر قەدەر زىچ توپلانغان كارخانىلار بىر قەدەر كۆپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم يەنىلا دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا، چوقۇم يۇقىرى ئۇنۇملىنىش، يۇقىرى تېخنىكىلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز، رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچلىرى قوشۇنىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى، پۈتۈن خەلقنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، شەھەرلەردە قاتلاممۇ ـ قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەدرىجىي يولغا قويۇپ، چوڭلار مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئاساسىي مائارىپقا نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئالىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، 10 يىل ۋاقىت ئىچىدە شەھەرلەردە ئالىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېزىلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. خىزمەت ئورنىدىكىلەرگە نىسبەتەن چوڭلار مائارىپى ئارقىلىق ئوقۇش تارىخىنى ئۆستۈرۈپ ۋە بىلىمنى تېخىمۇ يېڭىلاپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەش كېرەك.

ئىككىنچى، ئەخلاق تەربىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ شەھەر ئاھالىسىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

سىياسىي ۋە ئەخلاقىي ساپا بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشتىكى تۈپ كاپالەت. ئەخلاقنىڭ رولى ۋە كۈچى ئاللىبۇرۇن جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. لېكىن، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن سىياسەت تۈزۈش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەزى بوشلۇق تۈپەيلىدىن، ئەخلاق ئۆلچەملىرى مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچراپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەخلاق ساپاسىدا ئايرىم تەرەپلەردە روشەن تۆۋەنلەش كۆرۈلدى. يولداش جياڭ زېمىن: «بىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ھەر قانداق بىر مىللەت، ئەگەر پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىكەن، پۇلغا چوقۇنىدىكەن، شۇ مىللەتتە ئۈمىد بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بىز ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ۋەئېتىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئەخلاق ئېتىقادىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئەخلاق ئەمەلىيىتىدە ئەخلاقنى باھالاش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، تەدرىجىي ھالدا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئېكولوگىيە ئەخلاقى تەربىيىسىنى نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىپ مەدەنىي مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

سىياسىي ساپا بىلەن ئەخلاقىي ساپا مىللەتلەرنىڭ ئىچكى يىغىلىش كۈچىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل. ئەگەر ياخشى ئىدىيىۋى ساپاغا كاپالەتلىك قىلىنمايدىكەن، ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى تەشكىلاتنىڭ ئىجتىمائىي رىقابەتكە قاتنىشىشىغا ئېنېرگىيە يېتىشمەي قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جىسمانىي ۋە ئەقلىي ساپا پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ،

ئىجتىمائىي رىقابەتكە قاتنىشىشتىكى دەسمايە ھېسابلىنىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زېھنىي ۋە ساغلاملىقىغا بارغانسېرى يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماقتا. دېمەك، ياخشى بەدەن ساپاسى، ئەقلىي ساپا، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن توغرا بولغان قىممەت قارىشىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەندە، ئاندىن دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئېرىشتۈرگىلى، يىراق كەلگۈسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسى بىر دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقئارا رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، چوقۇم خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، تاللاش، ئىشلىتىش قاتارلىق بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالقىلاردا ئۆز ئارا يۈرۈشلەشكەن ئۈنۈملۈك ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ قانۇن ـ قائىدىلەر، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قاتارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن يۇقىرى ساپالىق ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ كەمچىل بولۇش ۋە ئىشلىتىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن، ئۇلارنى ئىسراپ قىلىشتەك قوش يوقىتىشنىڭ يەنە سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى دۆلىتىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئومۇمىي خەلق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى مەنبەسىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلۇشىغا باغلىق. شۇڭا، بىز ئومۇمىي پىلانلاشتىن كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈشكىچە ئۈنۈملۈك چارىلەرنى قوللىنىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، «زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە لايىقلاشقان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئون مىليونلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى غايەت زور ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى 21 ـ ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات» تىن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار.

② «مەمۇرىي مۇنبەر» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق خەنزۇچە 1 ـ سان.

③ «شەھەر مەسىلىسى» ژورنىلى، 1998 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

④ «شەھەر تەرەققىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق سانلىرى.



(پوچتا نومۇر: 830046)

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第 20 卷第 4 期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999 年 12 月

# «قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر

## مۇھەممەت رەھىم سايىت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تارىخىي تىلشۇناسلىقنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرۇش مېتودىغا ئاساسەن، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ تىلىدا ئەكس ئەتكەن ئەڭ مۇھىم فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文依照历史上语言学中的比较法,比较古代维吾尔语与现代维吾尔语,论述《诸天使列传》的语言中所反映的语音、词汇和语法特点。

**Abstract**: This article compares ancient Uighur with modern Uighur according to history comparative law in history comparative semantics. It expounds the most important phonetics, vocabularies and grammatical characteristics reflected of the language in《Kissasul Anbiya》.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدىن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (ياكى «قىسسەئى رابغۇزى» ) بولسا، مەيلى ئۇيغۇر تىلى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بولسۇن، ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ئەتراپلىق، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بىز تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۇ ماقالىدە، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

---

* مۇھەممەت رەھىم سايىت: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل مەدەنىيەت فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

### فونېتىكا جەھەتتە

سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسىنى، تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىنى شۇنداقلا سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تاۋۇشلاردىكى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى بايقاشقا بولىدۇ.

### ئەسكەرتىش

1. بۇ تېكىستتە كۆرۈلگەن ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەردىكى /a:/، /ā/ ۋە /i:/، /u:/ لار [ālа][Vlf]tā قاتارلىق مىساللاردىكى [ ] نىڭ ئىچىگە ئېلىنغان تاۋۇشلار ئومۇمەن يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلۇشى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇپ، f ئەسلىدە قولىيازمىدا يېزىلغان «ف» ھەرپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، v بىزنىڭ «ترانسكرىپسىيىدە» قوللانغان ھەرپىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى سۆز «تفا» دەپ يېزىلغان، ئۆز ئەينى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلساق t(ā)fa بولىدۇ، فونېما بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلساق tava بولىدۇ.

2. پونولوگىيىلىك پرىنسىپ بويىچە /e/ تاۋۇشى مەنا پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس. چۈنكى بۇ تېكىستتە «اي» يېزىلغان /e/ بىلەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بۇ تاۋۇش، بۈرۈنقى مەتنىلەردە («ئە») /ā/ شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان. شۇ سەۋەبلىك /e/ نى /ā/ نىڭ ۋارىيانتى دەپ قارىغان مۇۋاپىقراق. مەسىلەن: et (گۆش) ev (ئۆي)، ern[āla]k (بارماق)، elçi (ئەلچى) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى /e/ لەرنىڭ ھەممىسى /ā/ دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

3. بەزى تەتقىقاتچىلار /ǐ/ تاۋۇشىنى ئايرىم بىر فونېما شەكلىدە بايان قىلغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سىستېمىسىنى پونولوگىيىلىك پرىنسىپ بويىچە تەھلىل قىلساق، /ǐ/ نى ئۆز ئالدىغا يەككە بىر فونېما دەپ ھېسابلاش ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ، پەقەت تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە بەزى سۆز تومۇرلىرىدا ۋە قوشۇمچىلار تەركىبىدە /ǐ/ تاۋۇشى خېلى كۆپ قوللىنىلسىمۇ، لېكىن فونېما بولۇپ شەكىللەنمەستىن، /i/ فونېمىسىنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن ǐddǐ (ئەۋەتتى)، qǐlǐsti (قىلىشتى)، qǐzǐmǐz (قىزىمىز) قاتارلىقلار.

4. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نىسبەتەن ئاجىزلاشقان. مەسىلەن: لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش /a/ بىلەن /u/ نىڭ ماسلىشىشى: ar — tur — uban (ئاشۇرۇپ) (ئەسلىدە تولۇق ماسلاشسا artǐrǐban بولۇشى كېرەك ئىدى)؛ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش /ā/، /i/ بىلەن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش /ü/ نىڭ ماسلىشىشى: kāltürmādingiz (كەلتۈرمىدىڭىز «تولۇق ماسلاشسا kāltirmādingiz بولۇشى كېرەك ئىدى)؛ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش /u/ بىلەن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش /ǐ/ نىڭ ماسلىشىشى: burǐğǐmǐz (بۇيرۇقىمىز) (ئەسلىدە buruğumuz بۇلۇشى كېرەك ئىدى)؛ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى: ešitdim (ئاڭلىدىم)، çǐq—ğan (چىققان)، tut—dǐ (تۇتتى)، yarat—dǐ (ياراتتى)، atalaǐ uzata çǐqdi (ئاتا - ئانىلىرى ئۇزۇتۇپ چىقتى).

ھازىرغىچە يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللىرىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، شۇنداقلا سۆز ئۆزەكلىرىگە قوشۇمچە قوشقاندا بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە مۇۋاپىقلىشىدىغانلىقى تەكىتلەندى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە زادى قايسى قوشۇمچىلار تولۇق ماسلىشىدۇ، قايسىلىرى تولۇق ماسلاشمايدۇ، قايسىلىرى پەقەت ماسلاشمايدۇ دېگەن مەسىلىدە ئېنىق ۋە توغرا بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بۇ تېكىستنىڭ تىلىنى تەكشۈرىدىغان بولساق،

تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزەكنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق
تاۋۇشلار بىلەن تولۇق ماسلىشىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى: kōz
— lār: — lar/ — /lāri (كۆزلىرى)، māqsudlarĭ (مەقسەتلىرى)؛ تەۋەلىك بىرىنچى شەخس،
كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ قىسمەن بىرىنچى بوغۇمىدىكى ۋە ئومۇمەن ئىككىنچى بوغۇمىدىكى
سوزۇق تاۋۇش qut — ĭmĭz — ĭmĭz — imiz/ — umĭz/— ūmiz (قۇتىمىز)، kōnglūmizni
(كۆڭلىمىزنى)؛ تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس، سىپايە تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسىنىڭ قىسمەن
بىرىنچى بوغۇمىدىكى ۋە ئومۇمەن ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش
maqsudingiz: — ĭng ĭz/ ingiz/ — ung iz/ — ūngiz (مەقسىدىڭىز)؛ تەۋەلىك ئۈچىنچى
شەخس قوشۇمچىسىدىكى سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش ogĭĭ: — (s) ĭ/ — (s)i (ئوغلى)
، y ūzingā (يۈزىگە)، qamugĭ (ھەممىسى)؛ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى qawušturuřin: ĭn/
— in, nĭ/ — ni (كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى)، yūzin kōrdi (يۈزىنى كۆردى)، sōzni (سۆزىنى)
؛ تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى ça — çā/ — suwça: (سۇدەك، سۇغا ئوخشاش)، kōngl
ūngçā (كۆڭلۈڭچە)؛ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى — tĭn/ — din/ — dĭn/ — qalamungdĭn:
tin (قەلىمىڭدىن)، kōzdin (كۆزىدىن)؛ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى qa/ — ğa/ — oğulğa:
ka — gā/ — (ئوغۇلغا)، suwğa (سۇغا)، ōnkūrgā (ئۆڭكۈرگە). ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى
tā — dā/ — ta/ — da/ — yolda: (يولدا)؛ ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى: kālūr — tāk
tāk — dāk/ — (كېلىدىغاندەك)، kūn — tāk (كۈندەك)، چەك كېلىش قوشۇمچىسى
çā — ça/ — birmāgūnçā: (بەرمىگىچە)، qĭlmağunça (قىلمىغۇچە)؛ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيل
قوشۇمچىسى ngiz — nĭgz/ — oqungiz: (ئوقۇڭ)؛ بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى
ma — mā/ — tākmā: (تەگمە)، bolma (بولما)، buzma (بۇزما)؛ ئاددىي ئۆتكەن زامان،
ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى، ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش — kōrdūngzmu:
ūngiz — ungĭz/ (كۆردىڭىزمۇ)، yetūrdingizmu (يەتتۈردىڭىزمۇ)؛ ئاددىي ئۆتكەن زامان،
ئۈچۈنچى شەخس قوشۇمچىسى dĭ: ōltūrdilār (ئۆلتۈردىلەر)، ōkūndi (ئۆكۈندى)؛ شەرت مەيل
قوشۇمچىسى sā — sa/ — kōrsālār: (كۆرسە)؛ كېلىدىغان زامان، ئارزۇ ـ تىلەك مەيل
قوشۇمچىسى kāy — gāy/ — qay/ — ğay — bolğay: (بولغاي)؛ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيل،
بىرىنچى شەخش، بىرلىك قوشۇمچىسى āyin — ayĭn/ — tutayĭn: (تۇتاي)؛ بۇيرۇق ـ تەلەپ
مەيل، كۆپلۈك قوشۇمچىسى āling — aling/ — ālim/ — alim/ — bitūrāling: (پۈتتۈرەيلى،
تۆگىتەيكى)، ōlāling (ئۆلەيلى)؛ ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى ـ gĭl (قىسمەن -gūl): kōrgĭl
(كۆرگىن)، soqğĭl (تىققىن)، tutğĭl (تۇتقىن)، ئۆتكەن زامان سۈپەتداش
قوشۇمچىسى kān— gān/ — qān/ — ğān: — tog-ğan (تۇغقان)، — lār — kān — tōk
ni (تۆككەنلەرنى)، urğan (ئۇرغان): مەقسەت رەۋىشدىشى gāli/ — qalĭ/ — ğalĭ/ — kōrgāli:
kāli — (كۆرگىلى)، tōkgāli (تۆككىلى)، ياندىشىلىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى
ğaç/ — qaç/ — gāç/ — kāç/ Yacqub kōnglākini kōzikā sūrtgāç kōzlāri acĭldĭ -: (يەئقۇبنىڭ
كۆڭلىكىنى كۆزىگە سۈرتكەچ كۆزلىرى ئېچىلدى)؛ ھەرىكەتنامى قوشۇمچىسى: maq — tut
māk — maq/ — (تۇتماق)، ōltūrmāk : tōk — māk، سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى burun
rāk — raq/ — raq: — (بۇرۇنراق)، artug — raq (ئارتۇقراق)، uluğ — raq (ئۇلۇغراق)
؛ ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە çi: tabuğ — çilarĭ (خىزمەتچىلىرى) [illegible]lar qoy (قويچىلار)
، yol — çi (يولچى)، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە daš: qol — daš (قولداش)؛ پېئىل ياسىغۇچى
قوشۇمچە lā — la/ — boğuz — la — ndi: (بوغۇزلاندى)؛ تەرتىپ سان قوشۇمچىسىنىڭ

ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش tortunçi: — ïnçi/ — inçi ‹تۆتىنچى›، üçün — çi (ئۈچۈنچى)؛ سۆز باغلامچىسى ays[ā/H]— li mān — li ara: — lï/ — li (ئايشەم بىلەن مېنىڭ)، ongli songlï (ئوڭ ھەم سول)؛ ئىزاھلىق جۈملە باغلامچىسى Hâbil qurbaï aning üçün qubul qïlïndiki: — ki (ھابىلنىڭ قۇربانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدىكى)، تەكىتلەش قوشۇمچىسى olarnïma: — ma (ئۇلارنىمۇ)؛ يۇقىرىدىكىدىن باشقا يەنە خاس لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كېلىدىغان قوشۇمچىلارمۇ بار. بۇلار ھەققىدە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېگەن ماقالىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

5. تۆۋەن ياكى تۆۋەنرەك سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىنىپ، يۇقىرىراق ياكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشكەن ياكى ئۆزگەرگەن. بۇ يەردىكى ئاساسىي ئۆزگىرىش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىدە ئاسسىمىلياتسىيە رول ئوينىغانلىقتىن بولغان. ئەلۋەتتە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىدە، ھەممىسىدىلا ئوخشاش ئاسسىمىلياتسىيە رول ئوينىغانمۇ ياكى تېخى بىز بايقىيالمىغان باشقا سەۋەبلەر بارمۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالايلى، /a/ ۋە /ā/ لەرنىڭ /e/ غا ۋە /i/ غا ئاجىزلىشىش مەسىلىسى. تۆۋەندە بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە بىر نەچچە مىسال كۆرۈپ باقايلى. /a/ نىڭ /ā/ گە ئۆزگىرىشى: yana («تۈركىي تىللار دىۋانى») yanā (يەنە)؛ /a/ نىڭ /ï/ غا ئۆزگىرىشى: yag - «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا sākiz yil yïgïn yagmadï (سەككىز يىل يېغىن ياغمىدى)، yïgïn (دېگەن سۆز yag - دېگەن پېئىلغا ïn+ دېگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىپ، پېئىل تومۇرىدىكى /a/ تاۋۇشى /ï/ غا ئاجىزلاشقان)؛ /ā/ نىڭ /e/ غا ئۆزگىرىشى: /ā/ «قول، ئەل» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)، elimgā (ئېلىمگە) - āmgā (جاپا چەكمەك «قۇتادغۇبىلىك» دە) emgātdi (جاپا تاتقۇزدى)؛ /ā/ نىڭ /i/ غا ئۆزگىرىشى: nā («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا) nidin bulding (نەدىن بىلدىڭ، قانداق بىلدىڭ)، sezing maqsudïngïz ni turur (سىزنىڭ مەقسىدىڭىز نېمە)، niçā (نىچە، قانداق).

6. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (مەسىلەن /a/ ۋە /ā/، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (مەسىلەن، /o/ ,/ō/) غا ئايلانغان. بۇ خىل ئۆزگىرىشتە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىدە ئاساسەن تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ھەم لەۋلەشمىگەن ھەم لەۋلەشكەن شەكىللىرى ئوخشاشلا بىر ئەسەردە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆتكۈنچى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن āksük, eksük, oksük (ئۆكسۈك، كەم)، avuç («قۇتادغۇبىلىك»)، bir uvuç tobraq (بىر ئوۇرۇچ تۇپراق).

7. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلانغان. بۇنىڭدىمۇ ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىدە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە رول ئوينىغان. بۇنىڭدا خاس سوزۇق تاۋۇشلار بىر بىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپلا قالماي، بەلكى لەۋ تاۋۇشلىرى ۋە لەۋ چىش تاۋۇشلىرىمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان. مەسىلەن qawmïmnï←qawmumni «قەۋمىمنى»، evimdā «ئۆيۈمدە»، e[vlf]āmgā (ئۆيۈمگە) قاتارلىقلار.

8. ئۇنىدىن باشقا قىسمەن بولسىمۇ يۇقىرىراق ياكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۆۋەنرەك ياكى تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشكەن ياكى ئۆزگەرگەن ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي ئۆزگىرىش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىدە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە رول ئوينىغانلىقتىن بولغان. مەسىلەن: ilat - («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا) elitib (ئەۋەتىپ)، elātürlār (ئەۋەتتى)، irtā («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا) ertāsi

(ئەتىسى)، ertä (ئەتە) قاتارلىقلار.

بۇ تېكىستتە تولۇق تەكشۈرۈلمىگەن، سوزۇق تاۋۇشلارغا ئائىت بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، سەۋەبى ۋە مەزمۇنى ئېنىقلانمىغان بەزى مەسىلىلەر بار. بۇنى نۆۋەتتە كەلگەندە باشقا ماقالىلاردا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

9. ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەسلىدە قەدىمكى تۈرك تىلى تاۋۇش سىستېمىسىدا مۇستەقىل فونېما شەكلىدە كۆرۈلمىگەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرى ۋە سەل كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە قىسمەن چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە كۆرۈلىدىغان ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بۇ دەۋر تىلىدا كەڭ دائىرىدە، فونېما سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇلار /j(c)/، /h/ ۋە /f/ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانسۇر ئوغلى مەجدۇت ئۆزىنىڭ «قاراخانىلىچە»① دېگەن ماقالىسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: b، j** (c)، ç، d، f***، g، ğ، h، x، z*، k، q، l، l**** نىڭ تاڭلايلاشقان ۋارىيانتى، m، n، ñ، (ng)، p، r، s، š، t، v** (b دىن ئۆزگەرگەن ۋە f يېزىلىپ v ئوقۇلىدىغان تاۋۇشقا قارىتىلغان)، w، y، z، d* قاتارلىقلار.

10. تۈركىي تىللىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىدا بەزى تەرەققىياتلار بولۇشى، خۇسۇسەن چەت ئەل تىللىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن قەدىمدە سۆز بېشىدا ئىشلىتىلمەيدىغان d، g، ğ، l، r، z قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە سۆزنىڭ بېشىدا كېلەلەيدىغان بولۇپ، باشقا تاۋۇشلارغا ئوخشاش ئاكتىپ قوللىنىلىدىغان تاۋۇشقا ئايلانغان.

11. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا خۇددى ئوتتۇرا قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكىگە ئوخشاش بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا بەزى تاۋۇشلار قوشۇلۇپ قالغان، بوغۇم ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بەزىلىرى چۈشۈپ قالغان، بەزى تاۋۇشلارنىڭ سۆز ياكى بوغۇمىدىكى ئورنى ئالماشقان. مەسىلەن: ïraq (ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا)، ïraq، ïraq قاتارلىق سۆزلەرنى سېلىشتۇرساق، /y/ تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان؛ üzüm، yüzüm بۇنىڭدىمۇ /y/ تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان. qurtulmaq («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا)، qurtulayin (قۇتۇلاي)، biz häm olardin qutulsaq (بىز ھەم ئۇلاردىن قۇتۇلساق، قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرساق /r/ تاۋۇشى بەزىدە چۈشۈپ قالغان. eskäk (ئېشەك) esäkni (ئېشەكنى) بۇ سۆزلەردە /k/ تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

12. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلاردا دىماقلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: /b/ - نىڭ /m/ غا نۆۋەتلىشىشى: - bänza (گابائىن)، mängza («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا)، mängzämäz (مەڭزىمەس)، bängü (مەڭگۈ تاشلاردا)، mängü (مەڭگۈ).

13. قوش لەۋ تاۋۇشلىرىنىڭ لەۋ - چىش تاۋۇشلىرىغان نۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن: /p/ نىڭ /f/ غا، /b/ نىڭ /v-w/ غا نۆۋەتلىشىشى قاتارلىقلار. خۇددى دوكتور تالات تېكىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك كۆكتۈرك دەۋرىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى بوغۇمىدىكى قوش لەۋ تاۋۇشى /b/ ئوتتۇرا قەدىمكى تۈركىي تىلى دەۋرىدىكى خېلى كۆپ يادىكارلىقلارنىڭ تىلىدا يېرىم

---

① «تارىخىي تۈرك شىۋىلىرى»، ئەنقەرە، 139 - بەت.

** قىسمەن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە كۆرۈلىدىغانلىقىنى:

*** پەقەت چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىلا قوللىنىلىدىغانلىقىنى

**** پەقەت تەرجىمە تىلىدىلا قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

سوزۇق تاۋۇش /w/ غا نۆۋەتلەشكەن. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا بۇلار ئۆتكۈنچى ھالەتتە بولۇپ، تېخى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ بولالمىغان. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەر ئىككى خىل شەكلى ئۆز ئارا نۆۋەتلەشكەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «ياۋۇز» مەنىسىدىكى سۆز ھەم «yabïz» شەكلىدە، ھەم «yawul» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا مىساللار: sāb (مەڭگۈ تاشلاردا) s[āl(H)]bündi (سۆيۈندى) ، se[vlf]indi (سۆيۈندى) يەنە جاراڭسىز، قوش لەۋ تاۋۇشى /p/ جاراڭسىز، لەۋ چىش تاۋۇشى /f/ غا نۆۋەتلەشكەن ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: tofraq⟵topraq (تۇپراق) قاتارلىقلار.

14. بۇ يادىكارلىقنىڭ تىلىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: /b/ نىڭ /p/ غا ئاجىزلىشىشى: birlā بىلەن، pirlāبىلەن؛ v/-/w نىڭ /f/غا ئاجىزلىشىشى: (ئۆرۈر) ، övlfrülü (ئۆرۈلۈر) ، /d/ نىڭ /t/ غا ئاجىزلىشىشى: adagda (تاغ ئېتىگىدە) ، atagning (تاغ ئېتىگىنىڭ) ، /z/ نىڭ /s/ غا ئاجىزلىشىشى armāz (ئەمەس) ، ermās (ئەمەس) قاتارلىقلار.

15. بۇ يادىكارلىقنىڭ تىلىدا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، /p/ نىڭ /b/ غا نۆۋەتلىشىشى: topraq (تۇپراق) ، tobraq؛ /t/ نىڭ /d/ غا نۆۋەتلىشىشى: tïs («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا) (چىش) ، dišligerdi (چىشلىق ئىدى) ، namaz ütādi (ناماز ئۆتىدى) ، namazni waqtida üdāsā (نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىسە) قاتارلىقلار.

16. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا چىش ئارىلىقى تاۋۇشلىرىنىڭ تاڭلاي تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن. /d/ نىڭ /y/ غا نۆۋەتلىشىشى. خۇددى دوكتور تالات تېكىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك كۆكتۈرك دەۋرىدىكى تىل ئۇچى تاۋۇش /d/ كېيىن چىش ئارىلىقى تاۋۇشى /d/ غا ئۆزگەرگەن، كېيىن ئۇ يەنە ئۇتتۇرا قەدىمكى (خۇسۇسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان) يادىكارلىقلار تىلىدا سۆزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا تاڭلاي تاۋۇشى ياكى يېرىم سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدىغان /y/ غا نۆۋەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەردە بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ئۆتكۈنچى ھالەتتە بولۇپ، ھەر ئۈچ خىل شەكىلدە نۆۋەتلەشكەن ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: adaq (مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە - ئاياق، پۇت) ، adaqi (ئايىغى) ، basdïn ayagqā (باشتىن - ئاخىرىغىچە) ، tört adaqlïg (تۆت ئاياقلىق) ، tört ayaqlïg (تۆت ئاياقلىق) قاتارلىقلار.

17. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، /ç/ نىڭ /š/ غا نۆۋەتلىشىشى: uçmax (جەننەت) ، ušmax (جەننەت) قاتارلىقلار.

18. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا تىل ئۇچى تاۋۇشلىرىنىڭ قوش لەۋ تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، /n/ نىڭ /m/ غا نۆۋەتلىشىشى: yana («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا) يەنە y[āl(H)]n[āla] (يەنە) y[ā(H)]m[āla] (يەنە) قاتارلىقلار.

**لېكسىكا جەھەتتە:**

تىلنىڭ تەرەققىياتى ئەلۋەتتە تىلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان تىلنىڭ لۇغەت بايلىقىدا ناھايىتى سەگەك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ لۇغەت بايلىقىدىكى تەرەققىياتنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن بايقاشقا بولىدۇ.

1. قەدىمدە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر بارا - بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە ئۆتكەن، ھەتتا بەزىلىرى ھازىرقى زامان لۇغەت تەركىبىدە يوقالغان،

ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆزلەر قوشۇلغان. خۇسۇسەن ئىسلام دىنى ئاتالغۇلىرى ئاساسىي سۆزلۈك قاتارىغا ئۆتكەن. مەسىلەن: tamuǧ (دوزاق) بىلەن uçmax (جەننەت) دېگەن سۆزلەر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا يوق دېيەرلىك ئىدى، ئەمما، بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا ئۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە «پەيغەمبەر» دېگەن مەنىدىكى سۆزلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: pāyǧāmbār ، yala [v/f]aç، yalawaç قاتارلىقلار.

2. بەزى ئەڭ قەدىمكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان سۆزلەر گەرچە بۇ ئەسەردىمۇ كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ياكى سېمانتىكىلىق مەنىسى جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن، «يامغۇر» دېگەن سۆز قەدىمدە «yaǧmur» شەكلىدە كۆرۈلگەن بولسا، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا «yamǧur» ، بەزى نۇسخىلىرىدا «yagmur» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. «پەيغەمبەر» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «yalabaç» دېگەن شەكىلدە بولۇپ، ھەم «ئەلچى، سودچى» دېگەن مەنىنى ھەم «پەيغەمبەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى.

3. ھەر قانداق بىر مىللەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يەككە - يېگانە، يالغۇز ياشىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا باشقا مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مىللەتلەرنىڭ تىلىمۇ ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ جەرياندا بىر - بىرىدىن سۆز ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغاندىن باشقا، بەزى ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ تەڭداش مەنىلىك شەكىللىرىمۇ كىرىپ قالىدۇ، نەتىجىدە بۇ سۆزلەر ئەسلىدە بار بولغان تەڭداش شەكىللىرىنى چەتكە قاقىدۇ. بارا - بارا بەزىلىرىنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئالايلى تۆۋەندىكى بىر مەنىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل شەكلى بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا تەڭ قوللىنىلغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| مەنبەسى | ھازىرقى | قەدىمكى |
|---|---|---|
| ئەرەبچە | sāhār | balïq |
| ئەرەبچە | xālq | bodun |
| ئەرەبچە | guwa | tanuq |
| ئەرەبچە | gunah | yazuq |
| ئەرەبچە | kitab | bitig |
| ئەرەبچە | māwjudat | boluǧ |
| ئەرەبچە | āynāk | közün'gü |
| ئەرەبچە | danišmān | bilgā |
| پارسچە | dārya | ögüz |
| پارسچە | dost | ā(~i)š |
| پارسچە | düšmān | yagï |
| پارسچە | nan | ātmāk |
| پارسچە | gül | çāçāk |
| پارسچە | göš | āt |

بۇ دەۋرنىڭ تىلىدا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن سۆز ئىبارىلەر قوبۇل قىلىنىپ

قولللىنىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب ۋە پارس تىلىغا خاس سۆزلەردىكى ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان بەزى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزى يېڭى تاۋۇشلار قوبۇل قىلىنغان. ھەتتا بەزى گراممانتىكىلىق ۋاستىلەرمۇ قوبۇل قىلىنغان. پروفېسسور رەشىد رەھمەتــــى ئارات تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك ئىندېكسى» دە تەخمىنەن 3000 ئەتراپىدا سۆز بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەخمىنەن 460 نــى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللارغا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش گەرچە قاراخانىيلار دەۋرىدە باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ سالمىقى، دائىرىسى، ژانىرى ۋە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ قولللىنىلىش نىسبىتى ئۇنچىلىك يۇقىرى ئەمەس ئىدى. پەقەت رابغۇزى دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ تەسىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى كۈچلۈك بولغان. بىز گەرچە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىبارىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قولللىنىلىش نىسبىتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆرمىگەن بولساقمۇ، سەككىز ئون يىلدىن بۇيانقى ئۇنىڭ ھەر خىل قولىيازما نۇسخىلىرى بىلەن تونۇشۇش، بىر قىسمىنــــى ترانسكرىپسىيە قىلىش، تەرجىمە قىلىش ۋە بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان دەسلەپكى ئەمگەكلىرىمىز ئاساسىدا، بۇ دەۋردىكى تىلدا ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ تەسىرىنىڭ، ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك» ئىندېكسىدە بېرىلگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

| ئېلىپبە تەرتىپى | ئانا تىل | ئەرەبچە | پارسچە | باشقا | ئومۇمىي |
|---|---|---|---|---|---|
| a | 226 | 38 | — | — | 272 |
| b | 233 | 8 | 6 | — | 247 |
| j | — | 12 | 2 | — | 14 |
| ç | 47 | — | 2 | — | 49 |
| d | 1 | 7 | 6 | — | 14 |
| e | 94 | 15 | 4 | 1 | 114 |
| f | — | 20 | 4 | — | 24 |
| g | — | 8 | 5 | — | 13 |
| x | 4 | 56 | 10 | — | 70 |
| ĭ | 23 | 1 | — | — | 24 |
| i | 104 | 15 | — | 1 | 120 |
| k | 455 | 30 | 6 | — | 491 |
| l | 1 | 6 | 1 | — | 8 |
| m | 43 | 20 | 4 | 1 | 68 |
| n | 12 | 16 | 5 | — | 33 |
| o | 75 | — | — | — | 75 |
| ö | 98 | — | — | — | 98 |
| p | — | — | 8 | — | 8 |
| r | — | 9 | 6 | — | 15 |
| s | 176 | 28 | 4 | — | 208 |
| š | 5 | 15 | 6 | — | 26 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 422 | — | 6 | 24 | 392 | t |
| 98 | — | — | 3 | 95 | u |
| 45 | — | — | 2 | 43 | ü |
| 13 | — | 1 | 12 | — | v |
| 345 | — | 2 | 3 | 340 | y |
| 14 | — | 3 | 11 | — | z |
| 2928 | 3 | 99 | 359 | 2467 | ئومۇمىي |

4. باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە سۆزلۈك سىستېمىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن، يەنى بەزى سۆزلەرنىڭ سىستېمىسى بۇزۇلغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا bod دېگەن سۆز بولۇپ، بۇگۈنكى «بوي، بەدەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا بۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن bodun (خەلق)، boduni (خەلقى)، bodunidin (خەلقىدىن)، boyun sunmazmān (بوي سۇنماسمەن)، boylug (بويلۇق) قاتارلىق سۆزلەر بار. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى قەدىمكى bod دېگەن سۆزنىڭ بۇ تېكىستتە bodi («بويى» ياكى «بەدىنى» دېگەن مەنىدىكى) شەكلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن boy دېگەن سۆز بۇ تېكىستتە خېلى ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، bodun نىڭ bo dun شەكلى بولسىمۇ، ئەمما boyun («خەلق») شەكلى يوق. بۇنىڭ سەۋەبى bodun قوللىنىلىش بىلەن تەڭ ئەرەبچىدىن كىرگەن «خەلق» سۆزىنىڭ قوللىنىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن bodun سۆزى boyun غا تەرەققىي قىلىشتىن بۇرۇنلا ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغان بولۇشى، شۇ سەۋەبتىن بۇ سۆزنىڭ سىستېمىسى بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا - yā ياكى - yi پېئىلىدىن ياسالغان yimiš (مېۋە)، yimišlik (مېۋىلىك باغ)، yimišçi (باغۋەن، باققال) قاتارلىق سۆزلەر بولۇپ، بۇلار قەدىمكى تۈركىي تىلى لۇغەت تەركىبىدە بىر سىستېمىغا ئىگە ئىدى. بىراق ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك سىستېمىسى بۇزۇلۇپ، باشقا بىر ئېتىمولوگىيىلىك يېڭى بىر سىستېمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېمەك، ئەسلى تىلىمىزدا بىر سۆز يىلتىزىدىن ياسالغان سۆزلەر باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ سىستېمىسى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئورنىنى چەت تىلدىن ۋە باشقا - باشقا سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن سۆزلەر ئالغان.

## گرامماتىكا جەھەتتە:

تىلنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان گرامماتىكا قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىگە قارىغاندا خېلى ئاستا بولىدۇ. بۇ يادىكارلىق تىلنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن خېلىلا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقىيالايمىز.

1. تۈرك - رونىك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغان بەزى گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن: قەدىمكى دەۋرلەردە كېلىدىغان زامان زۆرۈرىيەت مەيلى ئۈچۈن siq/—sik قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېكىستتە، بۇ مەنە ئۈچۈن بۇ شەكىل ئاساسەن قوللىنىلمىغان.

2. قوشۇمچىلار لېكسىكىلىق (سېمانتىكىلىق) ۋە گىراماتىكىلىق مەنە جەھەتتىن
قېلىپلاشتۇرۇلغان. يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش ياكى ئوخشاشىراق بىر مەنىنى
ئىپادىلەيدىغان ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىداش قوشۇمچىلار، خۇسۇسەن سۆز تۈرلىگۈچى
(گىراماتىكىلىق) قوشۇمچىلار رەتكە سېلىنىپ، ئۇلاردىن بىرى ياكى ئىككىسى
قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، قالغانلىرى بارا - بارا ئىستېمالدىن قالغان. ئالايلى، قەدىمكى تۈركىي تىلىدا
ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ئۈچۈن — in/— ǐn/— un/ün ؛— ni/— nǐ/— nu/— nü
ۋە - uğ/— uq/— üg/— ük/— ağ/— aq/— āg/— āk/— ǐğ/ ǐq/—ig/— ik قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش
قوشۇمچىلار قوللىنىلغان. ئەمما، بۇ يادىكارلىقتا ئالدىنقى ئىككى شەكىل قوللىنىلىپ،
كېيىنكى ǐğ - تىپىدىكى شەكلى ئاساسەن ئىستېمالدىن قېلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مەسىلەن:
atasǐnǐ (ئاتىسىنى)، yolni (يولنى)، sözni (سۆزنى)، yüzin kördi (يۈزىنى كۆردى)، qolungnǐ
ağzǐmğa salğǐl (قولۇڭنى ئاغزىمغا سالغىن)، tmürni (تۆمۈرنى) قاتارلىقلار.

3. مەيلى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قېلىپلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى ئىملا
جەھەتتىكى مەسىلە بولسۇن؛ ئومۇمەن بۇ يادىكارلىق تىلىدا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى
ئۈچۈن qa - غا نىسبەتەن ğa -، خۇسۇسەن ğă (غە) كۆپرەك قوللىنىلغان. مەسىلەن: قىماق
غە qamaqğă (قاماققا)، اوتغە otğă (ئوتقا)، قورتغاغە qurtğağă (مومايغا)، اياقغە ayaqğă
(ئاياققا) قاتارلىقلار. بۇ خىل ğă - شەكلىدە كەلگەن خۇسۇسىيەت چاغاتاي تىلىنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىگە خېلىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

4. يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار قېلىپلاشتۇرۇلغاندىن
كېيىن، ئەسلى رولىدىن قالغان بەزى قوشۇمچىلارغا بەزى يېڭى مەنە يۈكلەنگەن. مەسىلەن:
ئۆرخۇن تۈرك يادىكارلىقلىرىدا كېلىدىغان زامان سۈپەتدىشى ئۈچۈن - daçi - daçi/ -
قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغانىدى. بۇ يادىكارلىقتا ئۇ ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا — ūr /— ür / — ār / — ar تىپىدىكى قوشۇمچىلار قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا پېئىلنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن — duq /— tük / — /
— ğan / — qan / — gān / — kān شۇنداقلا — ikmā / — ǐqma / — igmā — iğma ، tuq
قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچە قوللىنىلغان. بۇ تېكىستتە ğan — تىپىدىكى قوشۇمچە
قوللىنىلغان. شۇنداقلا ǐgma — تىپىدىكى قوشۇمچە بارا - بارا ئىستېمالدىن قالغان. كېيىن تىل
تەرەققىياتى جەريانىدا، بۇلار تەرەققىي قىلىپ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە رەتكە
سېلىنىپ، پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمى ئۈچۈن ğan — تىپىدىكى قوشۇمچە قېلىپلاشتۇرۇلغان.
ئەسلىدە پۈتكەن ئۆتكەن زامان سۈپەتداش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان duq — قوشۇمچىسى ئەسلى
مەنىسىدىن قېلىپ، ئۆتكەن زامان كۆپلۈك، بىۋاسىتە بايان مەيلى (ئەسلىدە بۇ گىراماتىكىلىق
مەنە — dimiz /— dǐmǐz/ — timiz /— dǐmiz قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنەتتى) دىن
ئىبارەت گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، kəldimiz (كەلدۇق)،
aymadǐmuzmu kim (بىز دېمىدۇقمۇ)، esitdük (ئاڭلىدۇق) قاتارلىقلار.

5. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر بىلەن
ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق مەنا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق قوشۇمچە
بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان. مەسىلەن؛ قەدىمكى دەۋردە پېئىللارنىڭ ئىمكان تۈسىدىن ئىبارەت
گىراماتىكىلىق مەنا - u سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى، كېيىن بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىسى
بارا - بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا، ئىمكان تۈس - ala - ālā/ قوشۇمچىسى ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدىغان بولغان. ئەمما، بۇ يادىكارلىقتا يەنىلا ئەسلىدىكى مۇستەقىل سۆز ئارقىلىق

«ئىمكان» مەنىسى ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئىزچىل تۇس شەكلى - tur ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا، هازىر wat - ياكى باشقا قوشۇمچىلار بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولغان. بۇ يادىكارلىقتا يەنىلا ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: orugunguz birlä ölturgüsi turur (ئورۇق - ئەۋلادىڭىز بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرىمەن دەۋاتىدۇ).

6. يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە، قەدىمدە قوشۇمچە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان گرامماتىكىلىق مەنا بارا - بارا هەم قوشۇمچە هەم ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئاخىرىدا قوشۇمچە ئىستېمالدىن قېلىپ، ياردەمچى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان. يەنى قوشۇمچىدىن ياردەمچى سۆزگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن. مەسىلەن: قەدىمدە هەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە كېلىش ئۇقۇمى ئۈچۈن / in — / Ïn— / n — / ün — /un — قاتارلىق ۋاستە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە «birlä» دېگەن ياردەمچى سۆزمۇ قوللىنىلاتتى. ئەمما بۇ تېكستتە بۇ قوشۇمچە قوللىنىلىسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كەڭ قوللىنىلمىغان، قوللىنىش نىسبىتى تۆۋەنلىگەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن « birlä (بىرلە) ياردەمچى سۆزى خېلى كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن: qÏlÏç pirlä çaptÏ (قىلىچ بىلەن چاپتى)، ekindi n[a/(a)]ma[z/d]en waqt birlä ötädi (پېشىم نامازنى ئۆز ۋاقتى بىلەن ئۆتىدى)، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇلار (bir+lä<billä) billä ۋە —bir+lä+) bilän> (n دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە قېلىپلاشتۇرۇلغان، بۇ ئىككى شەكىل مەنا جەھەتتىن بۆلۈنۈپ bilän هەم باغلىغۇچى هەم تىركەلمە رولىدا قوللىنىلىدىغان بولغان. تىركەلمە رولىدا كەلگەندە ۋاستە كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئەمما billä ۋاستە كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولغان.

7. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان بەزى گرامماتىكىلىق شەكىللەر ياكى مەنىلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولدى. مەسىلەن : قەدىمدە پېئىلنىڭ شەرت مەيلى قوشۇمچىلىرى sar — / sär — قاتارلىق شەكىللەرگە شەخس، سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايتتى، بۇ تېكىستتىمۇ شەخس، سان ئۇقۇمى ئىپادىلەنمىگەن، ئەمما /r/ تاۋۇشى قىسقارغان شەكىلدە كەلگەن. ئەمما هازىرقى تىلىمىزدا شەرت مەيلى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىغا، شەخس سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى تىلىمىزدا | بۇ ئەسەردە | قەدىمكى تىلدا |
|---|---|---|
| män barsam | män barsa | bän barsar |
| sän barsang | sän barsa | sän barsar |
| u barsa | o barsa | ol barsar |
| biz barsaq | biz barsa | biz barsar |
| silär barsanglar | silär barsalar | sizlär barsar |
| ular barsa | olar barsa | anlar (olar) barsar |

دېمەك يۇقىرىدىكى مىسالدىن بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خېلى يېقىن ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىخ

ئۆزۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

8. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئۇنۇملۇك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن: كۆكتۈرك يادىكارلىقلىرىدا خېلى كەڭ قوللىنىلىدىغان igsik /— ǐgsǐq — (tutsǐq, bilsik سۆزلىرىدىكى) قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۆزلەرنى بۇ ئەسەردە ئۇچراتماق تەس.

9. چەت ئەل تىللىرىدىن پەقەت سۆز ۋە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە، ھەتتا ياردەمچى سۆزلەرمۇ قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: āmma > amma.

10. ئۇرخۇن تۈرك ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئالماشلارنىڭ mānĭngdā, mānĭngdin, mānĭngsiz قاتارلىق شەكىللىرى بۇ تېكىستتە ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ.

11. باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ھۆكۈم پېئىلى ۋە باشقا ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىربىكىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغان، نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىدا بىرىككەن پېئىل قۇرۇلمىلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئادەم بول ـ، بايان قىل ـ، شۈكۈر قىل ـ، تۆۋبە قىل ـ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا بۇ خىل قۇرۇلمىلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

12. ئىككى خانىلىق ساناق سانلارنىڭ ئاتىلىشى ۋە تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئالايلۇق، قەدىمدە ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى سانلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئاتىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىدى؛ يەنى قەدىمدە، ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى ھەر خانە پەللىسى ئوتتۇرىسىدىكى سانلارنى ئىپادىلەشتە ھەر خانىدىن كىچىك پارچە سان ئالدىدا، چوڭ خانە پەللىسىدىكى سان ئارقىدا كېلىپ ياسالغان، بۈگۈنكى دەۋردە بولسا، چوڭ خانە سان ئالدىدا، پارچە ياكى كىچىك سان ئارقىدا كېلىپ ياسىلىدىغان بولدى. مەسىلەن:

| سان | قەدىمدە | قىسسەسۇل ئەنبىيا | ھازىر |
|---|---|---|---|
| 48 | sākiz qǐrq | qǐrq sākiz | qǐrq sākkiz |
| 500 | biš(bāš yǖz) | beš yǖz | bāš yǖz |

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن بۇ ئەسەردىكى خۇسۇسىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشىدىمۇ ئاز ـ تولا پەرق بولۇپ، قەدىمكى inçi — ūnç — /unç /— ǐnç /— ياكى int — قوشۇمچىلىرىغا /i/ تاۋۇشى قوشۇلۇپ ھازىر / inçi — nçi — بولۇپ قېلىپلاشقان. مەسىلەن:

| قەدىمدە | قىسسەسۇل ئەنبىيا | ھازىر |
|---|---|---|
| birinç | āwālqǐ | birinçi |
| ikinti ~ ikinç | ik(k)inji | ikkinçi |
| üçünç | üçünji | üçünçi |

بۇ جەھەتتىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن كۆرۈلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇرخۇن تۈرك يېزىقىنى قوللانغاندىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ دەۋردە مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت قولىيازمىلار، شۇنداقلا باشقا ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىجتىمائىي ژانىرغا دائىر يازمىلار مەيدانغا چىققان. شۇ دەۋردە تىل ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە باشقا تىللار مەسىلەن، سانسكرىت، قەدىمكى خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى تىلىمىزغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما بۇ تەسىر بىردىنلا ئەمەس، تەدرىجىي بولغان. ئالدى بىلەن دىنىي ئاتالغۇلار ئۆزلىشىپ كىرگەن، ئاندىن باشقا سۆزلەر بارا - بارا ئۆزلىشىپ كىرگەن. ئەسلى تىلدىكى تاۋۇش سىستېمىسى يېڭى كىرگەن سۆز -ئىبارىلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى تولۇق ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، تىلىمىزغا بەزى تاۋۇشلار قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئانا تىلىمىزنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. يېڭى سۆز قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلى تىلىمىزدا يوق سۆز ئىبارىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى ئەسلى تىلىمىزدا بار بولغان سۆزلەر بىلەن تەڭ مەنىدە قوللىنىلغان، ھەتتا بەزىلىرى ئەسلىدە بار سۆزلەرنى چەتكە قاققان، شۇنىڭ بىلەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى مورفولوگىيىلىك ۋە سىمانتىكىلىق سىستېمىسى بۇزۇلغان. شۇنىڭ بىلەن يېڭى سىستېما بارلىققا كەلگەن. گرامماتىكا جەھەتتىمۇ بەزى ياردەمچى سۆزلەر قوبۇل قىلىنىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا بەزى ئەرەب ۋە پارسچە جۈملە تىپلىرىمۇ ئۆزلىشىپ كىرگەن. مانا مۇشۇلار رابغۇزى زامانىدا ئۆز دەۋرىدىكى تىلغا تەسىر كۆرسەتكەن تاشقى ئامىللاردۇر. بۇلار بۇ ئەسەر تېكىستىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن.

رابغۇزى بۇ ئەسەرنى يازغان دەۋردىكى تىل تەرەققىياتىدىن ئالغاندا (مەيلى تىلنىڭ ئەسلى ئىچكى قائىدە - قانۇنىيەتلىرى تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بولسۇن، مەيلى تىلنىڭ تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بولسۇن)، بۇ دەۋرنىڭ تۈركىي تىلى تارىخىدىكى تىل تەرەققىياتىدا بىر ئۆتكۈنچى دەۋر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا قەدىمكى دەۋردە بار بولغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئىزچىل ساقلىنىش بىلەن بىرگە بەزى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر ئازايغان، قىسمەنلىرى يوقالغان، بەزى خۇسۇسىيەتلەر ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرغان، بەزىلىرى ئۆزگەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى يېڭى خۇسۇسىيەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋرنىڭ تىلىنى قەدىمكى تۈركىي تىلىدىن جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا X ئەسىردىن باشلاپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئەمما بۇ دەۋرلەردە تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ قەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلالمىغان. پەقەت XIV — XVII ئەسىرلەردىن باشلاپ ئاندىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى تۈركىي تىللىرىغا رەسمىي تەسىرىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇ دەۋرنى ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي تىللىرىغا بولغان ئەڭ كۈچلۈك تەسىرىنىڭ باشلىنىش دەۋرى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ۋە بەزى قىسقارتىلمىلار

ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى، ئۈرۈمچى.

ئارلوتتو. ئا Arolotto. A Introduction to Historical Linguistics, (تارىخىي تىلشۇناسلىققا كىرىش)، 170- يىلى . بوستون.
«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
د. ل . ت : بېسىم ئاتالاي، Divanü Lügat — it — Türk Dizini 1941 -يىلى. ئەنقەرە.
ق . ئە . 3 : «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ لوندون قولىيازما ئۆچىنچى فاكسىمىلى (1948 - يىلى K . Grinbech تەرىپىدىن كوپېنھاگېندا نەشر قىلدۇرۇلغان) نۇسخىسى يەنى گوللاندىيىنىڭ ئۇترىخ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى. ئۇنىڭ رەسمىي ئاتىلىشى:
Grinbech. K. (1948). Rabghuzi. Narrationes de Prophetis. Cod. Mus. Brit. Add. 7851 Ejnar Munksgaard. (Monumental: reproduced in facsimile with an introduction. Copenhagen vol. IV), Linguarum Asiae Maioris
ق. ب «قۇتادغۇبىلىك»، رەشىد رەھمەتى ئارات، Kutadgu Bilig Dizini 1979 - يىلى، ئىستانبۇل.
گېڭ شىمىن: 古代突厥语文献语法، 1978، «قەدىمكى تۈرك تىلى گراممатىكىسى» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى دەرسلىكى.
خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات، (1986)، «چاغاتاي تىلى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.
مەھمەت ئاقالىن (تەرجىمىسى) Tarihi Türk Şiveleri 1988 - يىلى، ئەنقەرە.
مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1981 - يىلى، 1983 - يىلى ۋە 1984 - يىلى ئۈرۈمچى.
ت: تۈركىيە تۈركچىسى.
ت. تېكىن: تالات تېكىن. Talat Tekin، A Grammar of Orkhon Turkic، Den Hag 1968 - يىل، دەنخاك.
«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
ئور: ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن، Eski Türk Yazitlari 1938 - يىلى، ئىستانبۇل.
ئۇ: ئۇيغۇرچە.
ئىسرائىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى: ئابدۇقەييۇم خوجا «مايترى سىمىت»، 1987 - يىلى ئۈرۈمچى.
ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى، بېيجىڭ.
ۋ. گ ۋون گابائىن، Eski Türkçenin Grameri (قەدىمكى تۈركچىنىڭ گراممатىكىسى)، مەھمەت ئاقالىن تەرجىمىسى، 1988 - يىلى، ئەنقەرە.
ۋىنفەر د پ. لەھمان. Winferd P. Lehmann، Historical Linguistics (تارىخىي تىلشۇناسلىق) 1992 - يىلى، نيۇيورك.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن مىساللار گوللاندىيە ئۇترىخ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ساقلىنىۋاتقان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ 3 - قول يازمىسىدىن ئېلىندى.

(پوچتا نومۇرى: 100081)

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1999 - يىلى 12 - ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   20 - يىللىق 4 - سان
1999年12月   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   第20卷第4期

# شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدا

تۇرسۇن قۇربان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى، يەنى پەلسەپۋى قىممەتكە ئىگە بولغان شېئىرلارنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要**:本文通过实例说明诗歌的魅力,即具有哲学价值的感染力、教育作用等。

**Abstract**: This article explains charm of poems, appeal full of philo sophical value, educational roles and other respects by giving examples.

ئەينى دەۋردە مەۋلانە ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنى كۈچ قۇدرەت جەھەتتە بۈيۈك ئىمپېراتورخىسراۋ ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئۈستۈن قويغان ئىدى. چۈنكى تارىختىكى ئەشۇ ئىمپېراتورلار ئەلەم كۈچى ئارقىلىق دۇنيانى ئىشغال قىلىپ زىل - زىلىگە سالغان بولسا، نەۋائىي قەلەم كۈچى ئارقىلىق سانسىز ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىشغال قىلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىمپېراتورلاردىنمۇ ھەيۋەتلىك زىل - زىلە پەيدا قىلغان ئىدى. دېمەك، ھەقىقىي دانا شائىرلارنىڭ قەلەم كۈچ - قۇدرىتى ئەلەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ. چۈنكى، شائىر ئەڭ مۇھىمى ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ دۇنيادا ئاجايىپ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئىشغال قىلغان ۋە ئۆزگەرتكەن قەلب دۇنياسىدا ئۇنىڭ ماختاش (مەدھىيە) ۋە سۆكۈش (تەنقىد) ساداسى ھامان ياڭراپ تۇرىدۇ. دېمەك، شائىر ئەلەم بىلەن ئىشغال قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ نازۇك مەنىۋى دۇنيانى ئىشغال قىلىپ، بۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى سالالايدۇ. گەرچە ناۋائىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 498 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھىي دۇنيارىمىزدىكى كۈچ - قۇدرىتى يوقاپ كەتمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى خېلى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

شائىر ئالدى بىلەن ھاياتنىڭ نۇرانە تەرىپىنى مەدھىيىلىگۈچى ۋە ئۇنى قوغدىغۇچى، قۇرغۇچى. خۇنۇك تەرىپىنى تەنقىد قىلىپ ئۇنى تارقاتقۇچى ھەم يوق قىلغۇچىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرلارنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

---

* تۇرسۇن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

4392 كېلور ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى
كىشىلەرنى ماختاپ ھەم سۆككۈچى.
4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بولارنىڭ تىلى
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.
4396 ئۇلار ماختىسا ئەلگە بارار شۇ پىتى
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سىپسىدۇ ئىتى[1]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ 3 بېيىتىدىن شائىرلارنىڭ يەنە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكىنى ـ يەنى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر يولى نازۇك، شۇ ۋەجىدىن تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شائىر مۇشۇنداق «نازۇك تەپەككۇر يولى» ۋە ئۇنىڭ تاشقى ئىپادىسى بولغان قىلىچتىن ئىتتىكرەك ئۆتكۈر سۆز ـ جۈملىلىرى ئارقىلىق ئۆزى سۆيگەن ھاياتنى مەدھىيىلەپ، ئۆزى نەپرەتلەنگەن ھاياتنى سۆكىدۇ (تەنقىدلەيدۇ). مەيلى ئۇنىڭ مەدھىيىسى بولسۇن ۋە مەيلى ئۇنىڭ تەنقىدى بولسۇن، ئۇ شائىرنىڭ قايناق ـ قىزغىن ياكى غەزەپلىك ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بەلگىلىك پىكرىدۇر. بۇ پىكىر بەزىدە پەلسەپىۋىلىك پىكىر، بەزىدە ئەخلاقىي مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىر، بەزىدە قانۇن مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكىر ۋە بەزىدە دىنىي قاراشلار بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن شائىر بەلگىلىك شېئىرىي ئوبرازغا يوشۇرۇنغان پەلسەپىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق قارىشى ياكى غايىسى ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىشغال قىلالايدۇ. دېمەك، بەدىئىي جەھەتتە تالانتلىق، پىكىر جەھەتتە ئۆتكۈر بولغان شائىر ئۆز شېئىرىي كۈچى ئارقىلىق ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىگىلىگۈچىدۇر.

## 2

شائىر ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆز قەلبىنىڭ ساداسى بولمىش شېئىرى ئارقىلىق ئىشغال قىلىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئىشغال قىلىش ھەممە شائىرلارغا ۋە ھەممە شېئىرلارغا ئورتاق قانۇنىيەت ئەمەس، بەلكى پەقەت بەلگىلىك ئىلغار روھنىڭ ۋەكىلى بولغان شائىرلارغا ۋە شېئىرلارغا ئورتاق قانۇنىيەت. مۇنداق شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت ۋە ئۆزىنى قوينىغا ئالغان تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بەلگىلىك ئىلغار پەلسەپىۋىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق قاراش بىلەن ئىلغار گۈزەل غايە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ رېئاللىقنى كۆزىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا پەيلاسوپلارغا خاس دانالىق، سەنئەتكارلارغا خاس گۈزەللىك مەۋجۇت. گېرمانىيىنىڭ دەسلەپكى رومانتىك ئېقىم نەزەرىيىچىسى فرىدرىخ ئىسخلېگىل Friedreh Sehlegel — (1772 — 1829) نىڭ قارىشىچە، سەنئەت ئىجادىيىتى روھنىڭ ئوبيېكتلىشىشى (对象化)، سۇبيېكتلىقنىڭ ئوبيېكتلىشىشى بولۇپ ئۇ بىر خىل «تەبىئەت» نى يارىتىدۇ. يارىتىلغان بۇ نەرسە بىر ئورۇندىكى نەرسىدۇر[2].

بۇ بەزى نەزەرىيىچىلەر ئېيتقاندەك، نوقۇل «بەدىئىي ئوبراز سۇبيېكتىپچىلىقى نەزەرىيىسى» ئەمەس. بەلكى، بۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى چىقىش قىلغان خېلى توغرا نەزەرىيىۋى قاراش.

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 909 ـ بەت.
② «شائىر پەيلاسوپ»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 101 ـ بەت.

مېنىڭچە، بۇ قاراشتا ف. ئېسخىلىگىل ئىدىيالىستىك قاراشنى ئەمەس، بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە ئاددىي ماتېرىيالىستىك قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن شېئىرنىڭ كېلىش مەنبىيى — ئوبيېكتىپلىق (رېئال دۇنيا) ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئىككىنچىدىن، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى (ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى) ئەكس ئەتتۈرۈشتە يازغۇچى - شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى مۇھىم رول ئويناپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيا ئەينىكىدە كۆرۈنىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتنى، تەسسەۋۋۇرنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى، لېكىن شۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھامان سوبيېكتىپ تەسەۋۋۇر، غايە، تەسىرلىك ئىچىدىلا ئىپادىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۈچىنچىدىن، گەرچە ئەدەبىي ئىجادىيەت، شۇنداقلا شائىرلىق سەنئىتى سۇبيېكتىپ تەسىرلىنىش، سۇبيېكتىپ تەپەككۇر، شائىرانە گۈزەللىك ئىستىكى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان شەخسىي ئەمگەك بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پەۋقۇلئاددە ئەمگەكنىڭ بىر مىللەت، بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەمگەكلىرىدىن، كۆرۈشىدىن، دۇنيا قارىشىدىن، ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقى، پەلسەپۋىلىك، ئېستېتىك پىكىر - غايىسى بىلەن بىر گەۋدە ئىكەنلىكى، شائىرنىڭ لېرىك تۇيغۇسى، تەسەۋۋۇرى بىلەن، ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تۇيغۇسى، تەسەۋۋۇرىنىڭ ئورگانىك بىرىكمە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ف. ئېسخىلىگىلىنىڭ بۇ قارىشىنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ - ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتنى ئاساس قىلغان نەزەرىيىنىڭ ئوبيېكتىپلىق قانۇنىيتى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇلغان. جۈملىدىن، ئۇنىڭ بۇ قارىشى، گەرچە ئەدەبىي ئىجادىيەت شەخسىي ئەمگەك جەريانى بولسىمۇ، لېكىن كونكرېتنى ئەسەر يورۇقلۇققا چىقىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك ئىجتىمائىي - مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي شائىرمۇ قەھرىمانلاردەك مەدەنىيەت تارىخىنى بەرپا قىلغۇچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ھامان خەلق ئارىسىدا ياشاپ، خەلق بىلەن بىللە ھەققانىيەت، ھوقۇق - ئەركىنلىك، بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىجابىي كۈچلەرنىڭ ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنى قوللىغۇچىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ پائالىيەتنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈن تۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئۇدغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تىپىك قەھرىمان ئوبرازى يارىتىلغان زور ھەجىملىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» دە ئۇلۇغ غايىۋى دۆلەتنىڭ سىماسىنى ياراتتى. «قۇتادغۇبىلىك» (بېيجىڭ نەشرى) نىڭ «مۇقەددىمە» سىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەنە شۇ تۆت پېرسوناژ، يەنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت - سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل - سائادەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى) قانائەت سىمۋولى ئۇدغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دىراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بىر قاتار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولسىمۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ۋە رېئاللىقنى پەردازلىماستىن بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى

دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە سۆكىدۇ» («قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 8 ـ 9 ـ بەتلەر). XI ـ ئەسىر — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرى توغرىسىدىكى رېئال ئىدىيىۋى ھالىتى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرىنى قوزغىغان ۋە ئۇنى يۈكسەك ئېستېتىك غايە پەللىسىگە كۆتەرگەن. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن سوبيېكتىپ غايىنى، خەلق تەسەۋۋۇرى بىلەن شائىر تەسەۋۋۇرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، داستاننى ئەبەدىيلىك ھاياتىي كۈچ قۇدرەتكە ئىگە قىلغان. شۇڭا بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان، شائىرنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ شاھانە داستاننى:

26. چىنلىقلار، «ئەدەب بۇلمۇلۇك» («شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى») دەپ ئاتىدى.
27. ماچىن مولكىنىڭ ھېكمەتلىرى «ئاينۇل مەملىكە» («مەملىكەتنىڭ دەستۇرى») دېسە
28. مەشرىقلەر «زىننە تۇلئۇمرا» («ئەمىرلەر زىننىتى») دېدى؛
29. ئىرانلىقلار «شاھنامە ئى تۇركى» دەپ ئات قويىدى.
30. بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» («پادىشالارغا نەسىھەت») دەپ ئاتىدى.
31. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويىدى. دېمەك، ھەر قانداق ھەقىقىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى — ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ ئوبرازلىشىشى، سوبيېكتىپ روھنىڭ ئوبيېكتىپلىشىشىدىن ئىبارەت. ئۇ نوقۇل سوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ھەم ئوبيېكتىپنىڭ ئەينەن كۆچۈرمە سۈرىتى ـ تەقلىدىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن سوبيېكتىپ غايىنىڭ بىر گەۋدىسىدۇر. شۇڭا ھەر قانداق شائىر پەقەت ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن تەسىرلىنىپ، پارتلاتقۇچ خاراكتېردىكى ئىلھامغا ئېرىشىدۇ.

ئۇلۇغ شائىر نىم شېھىتنىڭ دىنىي مىستىك مەزمۇنىدىكى مۇناجاتلارنى يېزىشتىن جەڭگىۋار روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلارنى يېزىشقا يۈزلەنگەنلىكى — ئالدى بىلەن يېڭى تارىخىي ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئۇنىڭ سوبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭ 1947 ـ، 1948 ـ يىللىرى يازغان «ئالدىدا»، «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا»، «باي ناھىيىسىنىڭ شىكايىتى»، 1949 ـ يىلى يازغان «ئۇلۇغ رەھبەر خاتىرىسىگە» ناملىق شېئىرلىرى پەلسەپىۋىلىك دانالىق بىلەن شائىرانە تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى.

بىر قانچە شېئىر توپلامىنى جۇڭگو ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە تەقدىم قىلغان تالانتلىق شائىر ت. ئېلىيوپ بىلەن ئۆتكۈر پىكىرلىك گۈزەل شېئىرلارنى مىراس قالدۇرغان ئا. خوجايۇپلارمۇ پەلسەپىۋىلىك دانالىق بىلەن شائىرانە تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىرلار ئىدى. ت. ئېلىيوپ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىدا ئىنساندىكى نازۇك پىسخىك ھادىسە مۇھەببەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى گۈزەل، ھېسسىياتچان شېئىرىي مىسرالاردا ئىپادىلىدى. بۇ ئوبيېكتىپلىق مۇھەببەتنىڭ ئەبەدىيلىكى، ئوبيېكتىپلىقى، ئەمما ھەر بىر شەخسكە خاسلىقىدۇر.

«مىللەت،
ياخشى ـ يامانلىقنىڭ قاشقىسى ئەمەس»
بىز چۈشەنگەن،
ھەقىقەت شۇكى،
بۇنى ئىسپاتلايدۇ سىنىپ،
باشقىسى ئەمەس.»

بۇ مىللەت، سىنىپقا خاس بولغان ئوبيېكتىپ گۈزەللىك قارىشىدۇر.

ئابدىكېرىم خوجامۇ «تۇپراق، باھار ۋە مەن»ناملىق شېئىر توپلىمىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تەبىئەتكە ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇراجىئەت قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىدا تۇپراق ھىدى پۇراپ، باھار ھۆسنى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ شېئىرلارغا «مەن» نىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى سىڭىپ كەتكەن.

دېمەك، شېئىر — ئوبيېكتىپ دۇنيادىن مۇستەسنا ھالدا سۇبيېكتىپ دۇنيادا مەۋجۇد بولىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا سۇبيېكتىپ دۇنيا ئىزناسى چۈشمىگەن جانسىز، رەڭسىز، پۇراقسىز نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ ھامان ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شېئىرىي تۇيغۇغا باي كۆرۈنۈشلەر بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيادىكى ئاجايىپ مول تەسەۋۋۇر ۋەھېسسىياتنىڭ بىرىكمە ھالىتىگە كېلىشى، ئىنسان قەلبىنى ئىشغال قىلىشىدۇر. شۇڭا شائىر ت. ئېلىيۇپ:

«چاقچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بويسۇنمايدىكەن شەخسىي نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن،
تايانسام مەقسەت سەممىيەتكە.
(«يېڭى روبائىيلار» 42 ـ بەت)

دېگەن ئىدى.

ئەگەردە شائىر ھەقىقىي يوسۇندا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلسا، بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزىنىڭ دانا تەپەككۇر كۈچى بىلەن تېپىپ چىقىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىسا، ئۇ ھامان خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرلارنى يازالايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشنى، يوشۇرۇن مەنىلەرنى شېئىرىي ئوبرازلاردا ئىپادىلەش ماھارىتىدۇر. بېلىنسكى «پوئېزىيىنىڭ خىل ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پوئـــزىيە ئىدىيىنىڭ مەنىسىنى تاشقىي كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەيدۇ ۋە مەنىۋى ئالەمنى پۈتۈنلەي ئېنىـق، پىلاستىك (گۈزەل، كۆركەم، سىلىق) ئوبرازلاردا يۇرۇشتۇرىدۇ. بۇنىڭدا ھەممە ئىچكى مەنا ئاشكارىلىنىدۇ ۋە بۇ ئىككى تەرەپ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆرۈنمەيدۇ. بىراق، بىۋاسىتە پۈتۈن ھالدا ئالغاندا ئۇلار ئېنىق رېئاللىقنى — ۋەقەنى گەۋدىلەندۈرىدۇ («بېلىنسكى ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نـەشرىـياتـى، 174 ـ بەت).

دېمەك، شائىر، ئوبيېكتىپ رېئال كۆرۈنۈشلىرىنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى سۇبيېكتىپ روھىي ھالىتىگە ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتكۈچىدۇر. يەنى ئۇ ھەقىقەتنى تاپقۇچى، ھەقىقەتنى كۈيلىگۈچى، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىدۇر. شائىر تەبىئەتنىڭ بۇلبۇلى، ئۇنىڭ شېئىرى ـ تەبىئەتنىڭ ناۋاسى. شۇڭا شائىر ئا. خوجايۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق خىتاب قىلغان:

«تۇرسا شېئىرىمدا مەگەر تۇپراق پۇراپ،
ئالمىسام شېئىرىمغا سۆز ياتتىن سوراپ.
پۈتسە تەردىن، چىقسا تومۇردىن ئېتىپ،
قالسا شەربەت ـ مەي بولۇپ ئەلگە يېقىپ.
ئەكس ئەتسە يېڭىلىق ئاندا ھامان،
يېڭى سۈرەت، يېڭى ئوي، يېڭى زامان.

تىلىگىم ئۇ قالمىسا ئەلدىن يىراق،
(قالسا ئەلدىن بەلكى ئۆلگەن ياخشىراق)
شۇندا كۆڭلۈم سۆ ئىچەتتى شېئىردىن.
ھەم ھالال ئالاتتى نەپ ئەل چېھرىدىن،
».........................................
(«تۇپراق، باھار ۋە مەن» 73 ـ 74 ـ بەت)

# 3

م. گوركى پۈتۈن مەدەنىيەت بايلىقىنى ياراتقان خەلقنى پەيلەسوپ ۋە شائىرغا ئوخشاتقان ئىدى. بۇ پەيلاسوپ بىلەن شائىرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ سۆز پەيلاسوپ بىلەن شائىرنىڭ قوشكېزەك ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

شائىرلار ۋە شېئىرىيەت ھەققىدىكى نۇرغۇن يىللىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇكى، شائىر ئالدى بىلەن پەيلاسوپقا ئايلىنىشى، ئۆزىدە پەيلاسوپلارغا خاس ئالىجاناپ روھنى، دانالىقنى ھازىرلىشى لازىم. چۈنكى ھومېر، چۈي يۈەندىن باشلانغان يازما شېئىرىيەت ھامان ئىنسانلارنىڭ پەلسەپۋىلىك پىكرى بىلەن تومۇرداش بولغان. شۇڭا ئارستوتىل «پوئېتىكا» ناملىق ئەسرىدە ئىسفىل، ئارستوپپان، ھومېرلارنى پەيلاسوپلارنىڭ قاتارىدا قويغان. ئەمەلىيەتتىمۇ تا قەدىمكى زاماندىن تارتىپ شائىرلار نوقۇل شائىرلا بولۇپ قالماي، يەنە پەيلاسوپلار ئىدى. ھومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» ئېپۇسلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلىغانلىقى، ئىزوپ مەسەللىرىنىڭ تەربىيۋى ئەھمىيىتى بىلەن خەلقنى زوقلاندۇرىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ قەدىمكى يۇنان خەلقىنىڭ ئىلغار پەلسەپۋىلىك پىكىرلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، نەۋائى، مەشرەپ، ھىرقىتى، نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ ھاياتى كۈچ قۇدرىتىمۇ ئۇلارنىڭ پەلسەپۋىلىك چۈشەنچىلەر بىلەن بىرىككەنلىكىدە. شەرق سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر دەپ ئاتالغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئۇنىڭدا غايەت زور بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچكە ئىگە پەلسەپۋىلىك قاراشنىڭ بولغانلىقىدۇر. فارس ـ تاجىك خەلقىنىڭ شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ شەرقتىكى مەشھۇر پەيلاسۇپ دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ رۇبائىلىرىدا ئىپادىلەنگەن يۈكسەك، چوڭقۇر پەلسەپۋىلىك پىكىرلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ.

شېئىر يېزىش، يەنى شائىرلىق ئىجادىيىتى — يۈكسەك پەلسەپۋى قاراش، تارىخىي قاراش ۋە ئېستېتىك قاراش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇشكۈل ئىجادىي پائالىيەت. شۇڭا ھەقىقىي شائىر ئىجتىمائىي روھنىڭ تەشۋىقاتچىسى، تەرغىباتچىسى ۋە بۇ خىل روھنى قوزغاتقۇچىدۇر. شائىر ھەقىقىي شېئىرى ئەسەرلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت، خەلق ۋە دەۋرنىڭ پەلسەپۋى، تارىخىي، ئېستېتىك قارىشىنى گۈزەل، شوق شېئىرى تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان مىللىي ئانا تىل ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىم بولىدۇ. نەۋائى دەسلىپىدە شېئىرىيەتكە مەلۇم ھەۋەس بىلەن كىرگەن. شۇڭا ئۇ فارسىي ـ ئەرەبىي تىللارنى ئەڭ پاساھەتلىك تىل دەپ قاراپ شۇ تىل بىلەن شېئىر يازغان. لېكىن، ئۇ، ئۆزىنى بىر ئاز توختاتقاندىن كېيىن، ئىشنى نوقۇل ھەۋەس بويىچە ئەمەس، بەلكى يۈكسەك مىللىي ئاڭ يوشۇرۇنغان ئەقىل ـ ئىدراك يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسەرلىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق دېگەنىدى: «........ بىراق، ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بەئىستەسىگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى ـ ئاپتور) بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى. مەن بۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دورىلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم ........» (نەۋائى، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى 28 ـ 29 ـ بەتلەر)

مەۋلانە ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1051) نىڭ بۇ ئىلمىي قارىشى بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ: شائىر ئۈچۈن ئالغاندا، گەرچە ئۇ يېڭىدىن يېزىشقا باشلىغان چاغدا ھاۋايى ـ ھەۋەس مەلۇم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقىي شېئىرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن

ئۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك غايىگە، ئەستايىدىل ئىجاد قىلىش روھىغا، خىلمۇ - خىل مۇشكۇلاتلار (جاپا - مۇشەققەتلەر) ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىشى زۆرۈر - ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندا ئۇ ئىجتىمائىي روھنىڭ ۋەكىلى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئېقىمنىڭ باشلامچىسى بولالايدۇ. هومېر، چۈي يۈەن، دانتى، بايرون، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، نېكراسوۋ، يۈسۈپ خاس هاجىپ، نىزارى، ئاباي، خەمىت ئالىمجان، جامبۇل، ل • مۇتەللىپ، ئا • ئۆيغۇرى، ت • ئېلىيۇپلار مۇشۇنداق شائىرلار ئىدى. ئۇلار پەيلاسوپ ياكى پەلسەپىۋىلىك ئاڭغا ئىگە بولغانلار ھەم شائىر ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەردىن بولغان ئىدى. زامانىمىزدىكى ئۆزبېكىستان شائىرى ئابدۇللا ئارىپوۋ (1940 - يىلى تۇغۇلغان) نى مانا شۇنداق شائىر دېيىش مۇمكىن. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن هازىرقى يېڭىچە مەدەنىيەت ئېڭىنى ئۆز - ئارا گىرەلەشتۈرۈپ، يېڭىچە پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە خاراكتېرلىك گۈزەل شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. ئۇ شېئىرى ئەسەرلىرىدە ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقان، ئويغىنىۋاتقان ۋە دۇنياغا يۈزلىنىۋاتقان ئاجايىپ يېڭى تۇيغۇسىنى، يېڭى ئارزۇ - ئارمىنىنى، مەدەنىيەت ئېڭىنى ئوبرازلىق شېئىرى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەردى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بىرىنچىدىن، ئۆزبېك مىللىتى ۋۇجۇدىدىكى ناچار روھىي ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، بۇ مىللەتنى قايتا يارىتىلىشقا ئۈندىدى.

ئۇنىڭ مىش - مىشىدىن رەنجىمە ئەسلا،
نىمە بولسا ئەسلى نەسلىدىن بولغان.
ئانا قوسىقىدىن ئۆزىمۇ ھەتتا،
ئەسلى مىش - مىش بىلەن تۇغۇلۇپ قالغان.

(«مىش - مىش»)

ئاتىلار بالىدىن رەنجىمە ئازراق،
بەزىدە شۇنداقمۇ سۆزلەرنى دەيدۇ.
بالام، قېرىلارنى قەدىرلە كۆپرەك،
باغلاپ قويغان بىزلەرنى دەيدۇ.
قېرى قەلبىڭىزگە چۈشمىسۇن تىترەك،
ئانىلار، چايقىلىپ تۇرۇپتۇ ئالەم.
سىزمۇ بالىلارنى قەدىرلەڭ كۆپرەك،
باغلاپ قويغان ئەمەس بالىلارنى ھەم.

(«ئانا تىلىمغا - 2»)

ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆزبېك خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇلۇغ خىسلەتلەرنى ماختىدى، ئۆزبېك روھىنىڭ ۋەكىللىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

بۇلۇتلارغا ياندىش، ئاسمان ئاستىدا،
كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ داۋاز.
قىلىچنىڭ بىسىدەك ئارقان ئۈستىدە،
كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ماڭىدۇ داۋاز.
ئادەملەر، ئادەملەر ئۇنى ئالقىشلاڭ،
قاراڭە نەقەدەر چەبدەس، جەسۇر ئۇ.
بىزچۇ، ئاھ كۆزىمىز ئوچۇق تۇرۇپمۇ،
ئەپلەپ ماڭالمايمىز چوڭ يوللاردىمۇ.

(«داۋاز»)

يوللار كەينىمىزدە قېلىپ باراتتى،
سەھرالار قالاتتى چەكسىز بى تەكرار.
نىچۇن ئۇلار چەكسىز، دېسەم، ئېيتاتتى؛
بۇنىدىن ئۆتكەندى ئابدۇللا قاھھار.

يوللار كەينىمىزدە قىلىپ باراتتى،
چوققىلار قالاتتى يۈكسەك ۋە تەكرار.
نىچۈن ئۇلار يۈكسەك دېسەم، ئېيتاتتى،
بۇ يەردىمۇ ئۆتتى ئابدۇللا قاھھار.
(«ئابدۇللا قاھھار»)

ئەنگىلىيە كلاسسىك شائىرى شېللى: «شېئىر پەردىنى قايرىۋېتىپ دۇنيادىكى يوشۇرۇن گۈزەللىكلەرنى نامايان قىلىدۇ» دېگەنىدى. ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ خۇددى شۇنداق دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، يېڭىچە ئاڭغا ئىگە بۇ ئىستېداتلىق شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىرى، ئۆزبېك مىللىي روھىي دۇنياسىدىكى سەتلىك، ئېزىتقۇ غۇۋالىق، مىرەزلىكلەر، يەنە بىرى، ئۆز بېك مىللىي روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەللىك، يارقىنلىق ۋە ئالىي جاناپلىق. بىرىدە تەنقىدىي تەھلىل بىلەن رەت قىلىش ئارقىلىق بىر خىل ئاجايىپ يۈكسەكلىككە ئىگە گۈزەللىك غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بىرىدە، تەتقىق قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش، مەدھىيىلەش يولى بىلەن ئەسلىدىكى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر ئىككىسىدە گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ.

شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەنگىلىيە مۇتەپەككۇرى خىرلوۋ ئېيتقانىدەك: «ۋايىغا يەتكەن پەيلاسوپ بولمىغان ئادەم ھەقىقىي شائىر بولالمايدۇ» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1991 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل). بۇ ھېكمەت مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ـ پەيلاسوپ بولۇشى زۆرۈردۇر. شائىردا پەيلاسوپلارغا خاس پىكىر تېرەنلىكى، تارىخچىلارغا خاس ئۆتكۈر گۈزەتچىلىك، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرگە خاس جەسۇر ـ قەيسەرلىك بىلەن شائىرلارغا خاس ھېسسىياتچانلىق، ناتىقلارغا خاس سۆزمەنلىك ئۆز ئارا بىر مۇستەھكەم ئورگانىك گەۋدىگە ئايلانغاندا، ئاندىن ئۇ مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە دەۋرنىڭ ھەقىقىي پايدىلىق شائىرىغا ئايلىنالايدۇ. بۇنداق «ھەقىقىي پايدىلىق شائىر شۇ دەۋرنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ بىلىملىك ۋەكىللىرى كۆڭۈل بۆلۈپ، قىزىقىۋاتقان ھەممە نەرسىنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك».①

## 4

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى دېموكرىت (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 460 ـ 370) ئۆزىنىڭ «شېئىرنىڭ گۈزەللىكى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «شائىرنىڭ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن مۇقەددەس روھ ئاستىدا يېزىپ چىققان شېئىرى جۈملىلىرى گۈزەل بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە» («غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ماقاللىرىدىن تاللانما»، 1 ـ قىسىم 4 ـ بەت). بۇ سۆزدە ئېيتىلىۋاتقان يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە مۇقەددەس روھ چۈشەنچىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردىكى يۈكسەك قىزغىنلىق شائىرانە ھېسسىياتچانلىق بىلەن سۆزمەنلىككە قارىتىلغان بولسا مۇقەددەس روھ شائىرنىڭ پەلسەپىۋىلىك قارىشى ۋە ئېستېتىك غايىسىگە قارىتىلغان. شۇڭا يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن مۇقەددەس روھ تۈرتكىسىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى رولى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىكى ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ.

شېئىرنىڭ رولى ۋە ئىقتىدارى ھامان مۇزىكىلىق كۈچىدە بولىدۇ. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتۇن (PIaTO مىلادىدىن ئىلگىرى 427 ـ 347) ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مۇزىكا تەربىيىسى باشقا تەربىيىلەردىن كۆپ مۇھىم»②. مۇزىكا ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ. شېئىرىي ئەسەر بولسا ـ ئەسلىدە مۇزىكا بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ مۇزىكىغا (ئاھاڭغا) چۈشمەيدىغان شېئىرلار

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1991 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل سانى.
② يۇقىرىقى كىتاب، 29 بەت.

ھەقىقىي شېئىر ھېسابلانمىغان. دېمەك، مۇزىكىچانلىق ـ شېئىرنىڭ ھېسسىياتنى كۆتۈرىدىغان پەۋقۇلئاددە مۇقەددەس روھ بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇدىغان بىر مۇھىم ئامىل. ئەگەر بىر پارچە شېئىر چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر تېرەنلىكىگە ئىگە تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈكسەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان، نەپىس مۇزىكىچانلىققا ئىگە سۆز ـ جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بولسا ئۇنداق شېئىرنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى ۋە تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنداق شېئىرلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئەبەدىي روھلاندۇرۇپ، ئەبەدىي سەپەرۋەر قىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك، شېئىرى ئەسەر يۈكسەك پەلسەپىۋى دانالىقنىڭ شېئىرى ئوبرازى بولۇشى، پەلسەپىۋى ھېكمەتكە باي دانا پىكىرلەرنى قايناق ھېسسىيات قۇدرىتى، ياڭراق مۇزىكا ناۋاسى، مول، گۈزەل، جانلىق، ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا شېئىرى ئەسەر ئەبەدىيلىك سېھرى كۈچىنى نامايان قىلىپ، مىللەت ۋە خەلق دانالىقىنىڭ شېئىرى نامايەندىسى بولالايدۇ. مىللەت ۋە خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك تەپەككۇر تېرەنلىكى بىلەن پىكىر دانالىقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان نادىر شېئىرلار مىليون ـ مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ دىلىدىن ئورۇن ئېلىپ، تىلىدا جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

## 5

دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى خەزىنىسىدە ناھايىتى جۇلالىق گۆھەرلەر بار. بۇ گۆھەرلەر دەل خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەپەككۇر تەرەققىياتىدا يارىتىلغان پەلسەپىۋى پىكىر قىممىتىگە ئىگە ئەقلىيە سۆز ـ ئىبارىلىرىدۇر. بۇنداق ھېكمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى، بىرىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى مەلۇم نامسىز دانىشمەنلەر ئوتتۇرىغا قويغان. خەلق دانىشمەنلىرى ياراتقان بۇنداق پەلسەپىۋى ھېكمەتلىك سۆزلەر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ، ماقال ـ تەمسىللەردە، مەسەللەردە، رىسالىلەردە، قوشاق ـ بېيىتلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، داھىيلار، تارىخچىلار، نەزەرىيىچىلەر، پەيلاسوپلار، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل ھېكمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ پەلسەپىۋىلىك مەزمۇنى نىسبەتەن چوڭقۇر، تېرەن بولۇپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك. بۇنداق پەلسەپىۋى ھېكمەت ـ ئىبارىلەر، ئەقلىيە سۆزلىرى ئەشۇ ئەربابلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق، دىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىدە، ئىلمىي ماقالىلىرىدا ئىپادىلەنگەن. ئۈچىنچىدىن، مەخسۇس يازغۇچى ـ شائىرلار ياراتقان يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىرلار، يازغۇچىلار، تەقرىزچىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇنداق ھېكمەتلىك ئەقلىيە سۆزلىرى بەدىئىي ئوبرازلاردا جانلىق ئىپادىلەنگەچكە ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىشى نىسبەتەن كەڭ ۋە چوڭقۇر، شۇڭا ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە تارقالغان پەلسەپىۋىلىك قىممەتكە ئىگە ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ كۆپلىرىنى يازغۇچىلار، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرىدا، بايانچى تىللىرىدا بايان قىلغاندۇر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىنغان نادىر كىتاب «تەپەككۇر گۈلشەنى» تەپەككۇر جەۋھەرلىرى — پەلسەپىۋى ھېكمەتلىك سۆز ـ جۈملىلەر توپلانغان خەزىنە. «ۋل. ۋورونتسوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بۇ كىتابقا دۇنياغا مەشھۇر داھىيلار، ئالىملار، بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار، ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن» («تەپەككۇر گۈلشەنى» ـ تەھرىر سۆزى). بىز بۇ كىتابنى ئوقۇساق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ھەر قايسى مىللەتكە تەۋە ئۇلۇغ كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ھومېر، خوللاس، دانتې، شېكسپىر، لېوناردو داۋىنچى، شىللېر، شېللى، بايرون،

بالزاك، دىككىنس، روللان، زولا، مارىكتېۋىن، نەۋائى، لىۋ. تولستوي، ئا • پ. چېخوپ، م • گوركى، سەئدى، ئۆمەر ھەييام، قابوس، پوشكىن، بېلىنسكى، چېرنىشېۋىسكى، دوستوۋسكى، ن • ھىكمەت، تۇرگىنېۋ، گىيۇتى، ۋ • لىيۇگۇ، مۇپاسسىن، سىرۋانتىس دىدرۇ، گىرىشتىن، ئاباي قونانبايېۋ، مەختۇمقۇلى، گوگول ئىبىن سىنا، م . جېلىل ستىندال، لىرمونتوۋ قاتارلىق يۈزلىگەن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى پەلسەپۋى تىرەنلىككە ئىگە پاساھەتلىك سۆز - جۈملىلەر بولۇپ، ئۆز قىممىتىنى ئەبەدىي يوقاتمايدۇ.

دېمەك، ئۇلۇغ يازغۇچى - شائىرلار ياراتقان نادىر ئەسەرلەر — خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ بىر چوڭ خەزىنىسى، نۇرغۇن ئېسىل كلاسسىك ئەسەرلەر ھەر بىر مىللەتنىڭ پەلسەپۋى ھېكمەتلىرىنى ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا تۈنۈگۈندىن بۈگۈنگە، بۈگۈندىن ئەتىگە ئېلىپ كېلىدىغان، ئېلىپ ماڭىدىغان سەنئەت كارۋانلىرىدۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ناھايىتى گۈزەل، ئەبەدىي قىممىتى بار بەدىئىي ئوبرازلار، خەلق دانىشمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەرلەر مەڭگۈقەدىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ شېئىرى ئەسەرلەردە خەلق دانىشمەنلىكى تېرەن، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەنگەچكە، بۇ خىل ژانىرغا تەۋە نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ. نۇرغۇن مىللەتلەردە شائىرلار پەيلاسوپلار قاتارىدا ئۇلۇغلىنىدۇ، ھەتتا بىر تۈركۈم شائىرلار «پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھاپىز شىرازى، سەئدى، ئۆمەر ھەييام، ئوبۇل قاسىم پىردەۋسىلەر پارس - تاجىك تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغ پەيلاسوپلار دەپ ئىززەتلىنىدۇ. كومراجىۋا، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابى، نەۋائى، لۇتفى، سەككاكى، ئەخمەت يۈكنەكى، نىزارى، ئا • ئۆيغۇرى، ل • مۇتەللىپ، م • ئى تەۋپىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە تەرەققىياتى تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان.

ھازىرقى دۇنيادىمۇ بىر مۇنچە ئۇلۇغ يازغۇچىلار، مىللىي شائىرلار ئۇلۇغ پەيلاسوپلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇلۇغلانماقتا.

دېمەك، پەلسەپۋى ھېكمەتلىك مەنالارغا ئىگە بولۇش — كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بولۇپمۇ كلاسسىك شېئىرىيەت، خەلق ئەدەبىياتى شېئىرىيىتى بۇ ئەنئەنىگە ئەڭ باي. چۈنكى، پەلسەپە بولسا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەڭ كېيىنكى يېرىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزىدە تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۈتكۈر پەندۇر. پەلسەپۋى قاراش، پەلسەپۋى نەزەرىيىلەر — دۆلەت، ھاكىمىيەت، پارتىيە، خەلق ئىشلىرىنىڭ ئىدىيۋى - نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. پەلسەپۋى پىكىر قىلىشمۇ جىمىكى ئىلمىي ۋە ئوبرازى تەپەككۇر قىلىشنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار، شائىرلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى پەلسەپۋى ھېكمەتلەر بىلەن بېيىتىشى، كۈچلەندۈرۈشى، روھلاندۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
第20卷第4期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999年12月

# تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر موللەك*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كېلىش جەريانى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文简要论述悲剧文学在中国当代文学中的反映及其在文学创作中所占的地位。

**Abstract**: This article briefly expounds the course of development of tragedy literature in China's contemporary literature and its place in literary creation.

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى «4 - ماي» دەۋرىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن باشلاپ، تراگېدىيە ئەدەبىياتى، تراگېدىيىلىك مەزمۇن ۋە پېرسوناژلار ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتتىن قالسا، كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردە لۇشۈن، گومورو قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار ئەڭ دەسلەپتە ئوخشاش بولمىغان ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تراگېدىيە ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ھۇل تاشنىڭ يول ئېچىشى، يۇدافۇ، تيەنخەنلەرنىڭ قوللىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «4 - ماي» دەۋرىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. لۇشۈننىڭ «چۇقان»، «تېڭىرقاش» ناملىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن «دورا»، «بەخت تىلەش»، «ھەسرەت» ناملىق بىر قاتار ھېكايىلىرى بىلەن گومورونىڭ «ئۈچ ئىسيانكار ئايال» ناملىق توپلىمىدىكى دراممىلار، تيەنخەننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە يازغان قايغۇ - ھەسرەت بىلەن مەيۈسلۈك كەيپىيات بىر قەدەر ئېغىر بولغان دراممىلىرى بىزنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسىنى ئالساق، ھېكايە باشلىنىشىدىن تارتىپ ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىغا كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان، شۇنداقلا قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تراگېدىيىلىك تۇسنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. ئەگەر لۇشۈننىڭ بۇ ھېكايىسى

* ئابدۇشۈكۈر موللەك: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەزمۇن ھېكايىدە باشتىن - ئاخىر گەۋدىلەنگەنلىكتىن بولغان. ئۇنىڭ بىرى - لۇشۇن «دورا» ناملىق ھېكايىدە خۇلاۋشەن باشچىلىقىدىكى نامرات، خورلانغان (خۇراپىي)، فېئوداللىق ئېغىر كۈچلۈك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان فېئودالىزملىق مەدەنىيەتكە زەربە بەرگەن شۇنداقلا ئىنكار قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. 20 - يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆرۈلگەن. بۇ خىل يېڭى مەزمۇن بۇ ئەسەرنىڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبى. يەنە بىرى — لۇشۇن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭگو جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ دېھقانلارنى چۈشەنمىگەنلىكى، ئىشەنچىلىك قوشۇن ھېسابلىنىدىغانلىقى، دېھقانلارنىڭ بولسا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە قان تۆكۈۋاتقان كۈرەشلىرىنىڭ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەنلىكىدەك دەۋر ۋە جەمئىيەت تراگېدىيىسىنى ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەۋر تراگېدىيىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. دېمەك، لۇشۇن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تراگېدىيە ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ يول ئاچقۇچى يازغۇچىدۇر.

20 - يىللاردا، «ئۈچ ئىسيانكار ئايال» ناملىق توپلامدىكى تارىخىي دراممىلىرى بىلەن قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىنى يېزىشتا داڭق چىقارغان گومورونى ئالساق، ئۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا دراماتورگىيە شەكلى ئارقىلىق تارىخىي تېمىلاردىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش، روھنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت مۇھىم مەقسەتكە يەتكەن دراماتورگ ۋە شائىردۇر. ئۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بېسىپ ئۆتكەن 30 يىللىق ئەگرى - توقاي مۇساپىدە يۇقىرىقى ئۈچ تارىخىي درامىدىن باشقا 40 - يىللاردا يەنە بەش پارچە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان تارىخىي تېمىدىكى تراگېدىيىنى يېزىپ چىقىپ، باشقا ژانىردا تراگېدىيە ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس ئۆرنەك تىكلەپ بەردى. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئۇ يازغان سەككىز پارچە تارىخىي درامىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دراممىلار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن چوڭقۇر مەنانىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بۇ ئىككى ھۇل تاشنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك مەزمۇن ۋە پېرسوناژلارغا، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولساق، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىمىز. لۇشۇن ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تراگېدىيىلىك تۈس ياكى پېرسوناژلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ئېزىلگەن، ئويغانمىغان، نامرات، قالاق، بەختسىز پېرسوناژلاردۇر. گومورو دراممىلىرىدا گەۋدىلەندۈرگەن تراگېدىيىلىك مەزمۇنلار ياكى پېرسوناژلار ئوبرازى بولسا — قەھرىمان، ئادالەتنى ياقلايدىغان، خەلق سۆيەر پېرسوناژلاردۇر. بۇ ئىككى يازغۇچى يازغان ئىككى خىل مەزمۇندىكى پېرسوناژلار ئەينى دەۋر جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى. بىر تەبىقە تەقدىرگە تەن بېرىپ، شۈكرى - قانائەتنى ئۆزىگە روھىي ئوزۇق قىلىپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ياشىدى. يەنە بىر تەبىقە (سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ) جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ ۋەھشىيانە ئېزىشىگە، خورلىشىغا باش ئەگمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن

باشتىن ـ ئاخىر كۆرەش قىلىپ كەلدى. مانا بۇ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئەخلاقىي مىزانلارنىڭ رېئال كارتىنىسى. تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىدە يۈدافۇنىڭ ئوينىغان رولىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىدە زىيالىيلار ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورتاق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزى ئەسەرلەردە تارىخىي ۋەقەلەرنى رېئال تۇرمۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسىي قايغۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ قايغۇسىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ ئارقىلىق، شەخسنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىق مىللەتنىڭ تراگېدىيىسىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىپ، كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ زەئىپ روھىغا ئىلھام بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىققان باجىن ئۆزىنىڭ فرانسىيىدە يازغان تۇنجى پوۋېستى «ھالاكەت» نى 1928 ـ يىلى «ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ تراگېدىيە ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بۇ دەۋرگە كەلگەندە باجىننىڭ يول ئېچىپ مېڭىشى بىلەن ئەدەبىيات سېپىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ساۋيۈنىڭ «گۈلدۈرماملىق يامغۇر»، «كۈن چىقتى» ناملىق پوۋېستى قاتارلىقلار مەيدانغا كېلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى دولقۇنى يېتىپ كەلدى. بولۇپمۇ باجىن بۇ دەۋردە تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنى ۋە تراگېدىيىلىك شەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. سىياسىي غايە تراگېدىيىلىرى، ئائىلە تراگېدىيىلىرى، جەمئىيەت تراگېدىيىسى، مۇھەببەت تراگېدىيىسى ۋە تارىخىي تراگېدىيە قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىككىنچى دەۋردە تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى بىرىنچى دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەڭلىككە، مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان بىر مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى. تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، بۇ دەۋردە ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ ئانارخىزملىق ئىدىيىسىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى شۇنداقلا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدىغان ئائىلە، نىكاھ ئىشلىرىدىكى ناھەقچىلىق، دەپسەندە قىلىنىش، ھاقارەتلىنىش، تاشلىنىپ قېلىش قاتارلىق بىر قاتار تېمىلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپلەپ ئىپادىلىنىپ، تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىندى. بولۇپمۇ ساۋيۈنىڭ «گۈلدۈرماملىق يامغۇر» دىرامىسىدىكى مەركىزىي ئىدىيىگە سىڭدۈرۈلگەن ئائىلە تراگېدىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ ئىنكار قىلىنىشى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئاجىز ھېسابلىنىپ كېلىنىۋاتقان دىرامما ئىجادىيىتىنى بىردىنلا دۇنياغا تونۇتتى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت مەزمۇن ۋە شەكىل، بەدىئىي ئوبرازغىچە يېڭى تۇرمۇش رېتىمىگە ماسلىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ماڭدى. گومورونىڭ 40 ـ يىللاردا يازغان تارىخىي تېمىدىكى تراگېدىيىلىرى دەۋر تېمىسىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلىق ئىنكاسىدۇر. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن بۇ خىل خاھىش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تراگېدىيە ئەدەبىياتىدا كۆرۈلگەن يەنە بىر ئۆرلەش دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھېس قىلىش مۇمكىنكى،

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گەۋدىلىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى تراگېدىيىلىك مەزمۇننى ۋە تراگېدىيىلىك پېرسوناژلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە نام - شۆھرىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

بىزگە مەلۇمكى، تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋر ئەدەبىياتىدا ياكى ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە سالمىقى ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئالساق، تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، دەۋرنىڭ ئەدەبىياتتىن كۈتكەن تەلىپى نۇقتىسىدىن تۇغۇلغان. چۈنكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان كەڭ مېھنەتكەش خەلق ئەممىسىنىڭ فېئودالىزم ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ئېزىشى ۋە قاتتىق زۇلۇمى ئاستىدا تارتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئېغىر جاراھەتلەرنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، پسىخىك ھالەتلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگىچە بىر خىل كۆلەڭگە پەيدا قىلدى. بۇ خىل قاباھەتلىك كەچۈرمىش ۋە تارىخىي جەرياننى تونۇش، ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان، باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىدى. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىچە بولغان بۇ خىل تارىخىي تەرەققىياتى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا تراگېدىيە ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىتابخانلارغا تارىخنى قايتىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭا بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغا، ئىپادىلىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىماسلىقىمىز، كېيىنكى تەتقىقات جەريانىدا ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① «لاۋشې تەتقىقات ماتېرىيالى»، 1 - 2 - قىسىم، خەنزۇچە، بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات سەنئەت نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.

② «باجىن ۋە غەرب مەدەنىيىتى»، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە، 1992 - يىلى نەشرى.

③ «لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەھلىل»، شىنجاڭ - ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1991 - يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1999 - يىلى 12 - ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   20 - يىللىق 4 - سان
1999年12月   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   第20卷第4期

# «گۈلىستان» ۋە «بوستان» توغرىسىدا

شېرىن قۇربان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شەيخ سەئدىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «گۈلىستان» ۋە «بوستان» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، چەتئەل ئالىملىرىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» غا بەرگەن باھالىرى ھەم بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ دۇنيادىكى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文介绍萨迪的名著《蔷薇园》和《果园》的主要内容，国外学者评价以及这两部著作被译成各国文字的情况。

**Abstract:** This article introducs the main content of Shadi's famous works《Garden of Roses》and《Orchard》, foreign scholars' evaluationand the translated —texts in languages in th world.

سەئدى، سېنىڭ پاساھەتلىك تىلىڭ ئەبەدى جاھانغا تارىلىدۇ، شېئىرلىرىڭدىكى قۇياش ئالەمگە مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

— ئېمېرسون

گيوتى ئۆزىنىڭ «شەرق ۋە غەرب دىۋانى» دا: «پارىسلار ئۆزلىرىنىڭ 500 يىللىق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن شائىر - يازغۇچىلار ئىچىدە يەتتىسىنى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قاراپ كەلدى. بۇنىڭ راستلىقىدا گەپ يوق. ئەمما راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار تىلغا ئالمىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»① دېگەنىدى. گيوتى تىلغا ئالغان يەتتە شائىر ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، نىزامى گەنجىۋى، جالالىددىن رۇمى، مۇھەممەد ئەنۋەرى، شەيخ سەئدى ۋە ھافىزشىرازىلاردىن ئىبارەت.

شەيخ موسلىھىدىن سەئدى شىرازى (1203 - 1292) پارس - تاجىك خەلقىنىڭ ئالىيجاناب، ئىنسانپەرۋەر شائىرى. ئۇ پارسىنىڭ شىراز شەھرىدە بىر تۆۋەن قاتلام ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. سەئدىنىڭ ياشىغان دەۋرى خارەزمىلىقلارنىڭ ئىرانغا قىستاپ كىرىشى بىلەن سەلجۇقىلار سۇلالىسى (1055 - 1194 - يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھالاك بولغان، ئارقىدىنلا مىلادى 1219 - ۋە 1256 - يىللىرى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ھۇلاكۇخان

* شېرىن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

① «چەتئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى، 49 - بەت.

ئىككى قېتىم ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىراننى ئىستىلا قىلغان ھەمدە ھۇلاكۇ خانلىقى (ئىلخان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، يات مەملىكەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئىرانغا بېسىپ كىرىشى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە پاراكەندىچىلىك ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. شەيخ سەئىدىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن جاھان ھەبەشنىڭ چېچىدەك چېچىلدى. ئادەملەر بولسا چىل بۆرىدەك بولۇپ قالدى».

شەيخ سەئىدى كىچىك چېغىدا ئانا يۇرتى شىرازدا ئوقۇغان. كېيىن باغدادقا بېرىپ، «نىزامىيە» مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب تىل - ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، سەئىدى ھاياتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ساياھەت بىلەن ئۆتكەن. ئۇ 14 قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاب قىلغان. غەربتە شىمالىي ئافرىقىغا قەدەر بارغان، ئەرەب سەھرالىرىنى تولۇق كەزگەن، مىسىر، ھەبەشىستان، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرگە بارغان. دەمەشىق، ئېرۇسالىم، تىرىپولى، ھەلەپ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلغان. شەرقتە ئافغانىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرائاسىيادا سەپەر - زىيارەتتە بولغان. جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىگىمۇ كەلگەن. ئۇنىڭ چەت مەملىكەتلەردە قىلغان سەپەر - ساياھەت ۋاقتى 30 يىلدىن ئاشقان. ئۇ نۇرغۇن جايلاردا دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. مىلادى 1256 - يىلى ئۇ سەپەر - ساياھەت ھاياتىنى توختىتىپ، يۇرتى شىرازغا قايتىپ كەلگەن.

شەيخ سەئىدىنىڭ ساياھەت ۋە سەپەر ھاياتى مەزمۇنغا ئىنتايىن مول. ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق سەرگۈزەشتىلەرنى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. نۇرغۇن ۋەقە - ھادىسىلەرنى بىۋاستە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان. ئۇ 30 يىللىق سەپەر جەريانىدا دەرۋىشلىك ھاياتىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى ۋاقتىدا فرانسىيىلىكلەرگە ئەسىر بولۇپ چۈشكەن. چوڭ شەھەرلەردە ئالىم - دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبەت - مۇنازىرىلىرىگىمۇ قاتناشقان. يات يۇرتلاردا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىنى، ئۆلۈم خەۋپىنى، ئاچلىق - مۇھتاجلىق دەردىنى تارتقان. ئەمما، شائىر ساياھەتتىن ئىبارەت بۇ مەكتەپتە كۆپ بىلىملەرنى ئالغان. ئۇ بارغانلىكى يەردە تۇرمۇشنى زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن كۆزەتكەن، بىقىياس ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇلار شائىرنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ مول مەنبەسى بولۇپ قالغان. شائىر مىلادىنىڭ 1292 - يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شىرازدىكى قەبرىسى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان مۇقەددەس مازار سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» (1258 - يىلى يېزىلغان) بىلەن «بوستان» (1257 - يىلى يېزىلغان) دىن ئىبارەت ئىككى نادىر ئەسىرى پارس - تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدىلا ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ قالماستىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار پەقەت بەدىئىي قۇرۇلما ۋە ماھارەت جەھەتتىنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

«گۈلىستان» بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن، ئاساسەن نەسرىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە كۆپلىگەن نادىر شېئىرلار ۋە قاپىيىلىك ھېكمەتلەر بار. پۈتۈن ئەسەر بىر دىباچە (مۇقەددىمە)، بىر خاتىمە ۋە سەككىز باب بولۇپ، جەمئىي ئون چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بۇ ئون چوڭ بۆلەك جەمئىي 180 قىسقا ھېكايەت، 102 ھېكمەتلىك - ئىبرەتلىك مىسرالارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەسەردە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى، بولۇپمۇ XIII ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرق فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ رەڭگا - رەڭ رېئال مەنزىرىسى مۇپەسسەل سۈرەتلەنگەن. ئەسەردە ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق، مېھرى - مۇھەببەت، سېخىلىق، ئالىيجانابلىق ۋە باشقا گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتلەر پاساھەتلىك تىل ۋە گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلەنگەن. قالاقلىق، جاھالەت، رىياكارلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈك، زالىملىق، پەسكەشلىك ۋە باشقا چىركىنلىكلەر ھەجۋى تىل بىلەن قامچىلانغان. ئەسەر پەلسەپە، دىن، جەمئىيەت، ئەخلاق - پەزىلەت، مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، تەلىم -تەربىيە قاتارلىق ساھەلەر توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە تارىخ، گېئوگرافىيە، ئېتنوگرافىيە، ئىرق، مىللەت، دۆلەتكە ئائىت باي ئۇچۇر - مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، كىشىلەر «گۈلىستان» نى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

«بوستان» ئاساسەن شائىرنىڭ پەلسەپەۋى لىرىك شېئىرلار مەجمۇئەسى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى بولغان خەيرى - ئېھسان، مېھرى - شەپقەت، پىكىر - تەدبىر، قانائەت، رازىلىق، ئادالەت، مەرتلىك - ساداقەتلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئۇزۇن بىر مۇقەددىمىدىن تەركىب تاپقان. ئون بابلىق 200 دىن ئارتۇق كىچىك ھېكايىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئەسەردە شائىرنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق - پەزىلەت قارىشى رەڭگا - رەڭ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. «بوستان» نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ ھەر بابى قىسقا ھېكايە ياكى مەسەللەردىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇنىڭغا مۇئەللىپنىڭ قىستۇرما باياىلىرى ناھايىتى ئىخچام بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىدىيىۋى قاراش ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ماھىيەتتە يەكۈن خاراكتېرىگە ئىگە.

«بوستان» سەئدىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتورغا مىسلىسىز شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. جەمئىيەتتىكى ئەمەلدار - كاتتىلار ۋە تەقۋادار سەئەت ئەربابلىرى شائىرغا بولغان پوزىتسىيىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. ئوردا شائىرلىرى سەئدىنى ئوردا شائىرى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر بۇنىڭغا ئۇ دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كەتمىگەن، بەلكى ئۇ: «ئۆز ئەجرىمگە تايىنىپ جان باقىمەن، تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئالغىنىم ئالتۇن كەمەر باغلاپ ئوردا خىزمىتىدە بولغىنىمدىن كۆپ ئەۋزەل!» دېگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

«گۈلىستان» بىلەن «بوستان» خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار، تۇرمۇش جەۋھەرلىرى، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر، قىسقا ھېكايەتلەر، تەسىرلىك ھېكمەتلەر كىتابخانلارنى بۆلەكچە ئەسىر قىلىۋالىدۇ.

شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» دىن باشقا، يەنە نۇرغۇن لىرىك، رۇبائىي ۋە قەسىدىلىرى بار. بۇلار كېيىن توپلىنىپ، 15 توملۇق «كۇللىيات سەئدى» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان.

شەيخ سەئدى ئۇلۇغ غايىگە، غايەت زور مەنىۋى دۇنياغا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن جاھانغا تارالغان. خۇددى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى شىنر. ھىندۈېن ئارنۇلد (1832 - 1904) ئېيتقىنىدەك، «دۇنيادىكى پىكىر يۈرگۈزۈشكە

ماھىر كىشىلەر بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى ياشىغان شائىر شەيخ سەئىدىنى ھەم قەدىمگە مەنسۇپ، ھەم ھازىرغا مەنسۇپ مۇتەپپەككۇر دەپ ھېسابلايدۇ»[①]. «گۈلىستان» نى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. ك. ئې. ھاپتۇن شەيخ سەئىدىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سەئىدى قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە پايدىلىق دوستى. ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان كىشى ئۆز ھاياتىدا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ»[②].

شەيخ سەئىدى ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە بىر تەرەپلىمىلىككە قارشى تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ تار ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىككە قارشى ھالدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلەيتتى. ئامېرىكا شائىرى ۋە پەيلاسوپى ئېمېرسۇن (1803 ـ1882) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «شەيخ سەئىدى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيەتتى»[③]. شەيخ سەئىدى دۆلەت، رايون، ئىرق، مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقاد چېگرىسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى ئىنسانپەرۋەر شائىر بولغاچقا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىشان ـ مەقسەت مىزانى سۈپىتىدە، ب د ت باش شتابىنىڭ تېمىغا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان:

بىر پۈتۈن بەدەندە ھەر ئادەم ئەزا،
بىر ئۈزۈك جەۋھەردىن ھەممىسى بىنا.
تېنىگدە بىر ئەزا بولسا گەر بىمار،
ھەممىدە قالمايدۇ سەۋرى ھەم قارار.[④]

سەئىدىنىڭ بۇ شېئىرى ئامېرىكا شائىرى رۇن فېللۇۋ (1807 ـ 1882)غا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر بولىقىغا ئايلانغان. ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناسى ۋىلىيام. جونېس (1745 ـ 1794) «بوستان» نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئەنگلىيىنىڭ بۈيۈك شائىرلىرى ئالېكساندىر پوپې (1688 ـ 1744) بىلەن جون درېدىن (1631 ـ 1700) نىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. جونېس يەنە «پارس تىلى گىراماتىكىسى» دېگەن كىتابتا «گۈلىستان» نى پارس تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى دەرسلىكى دەپ كۆرسەتكەن. ئۆمەر ھەييام رۇبائىلىرىنى تۇنجى قېتىم ئېنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر ئېدۋارد فىسجىرالد (1809 ـ 1883) جۇنېسنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، 1854 ـ يىلى پارس تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «گۈلىستان» نى دەرسلىك قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىناس مەھبۇبى فىرىس كرالدغا يازغان مەكتۇبىدا ئۇنىڭغا پارس تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «گۈلىستان» نى كۆپ ئوقۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. ئامېرىكا يازغۇچىسى ج. د. يۇھانان ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «بوستان» غا يۈكسەك باھا بېرىپ: «ئۇنىڭ قۇر ـ مىسرالىرى 〈 ھەدىس 〉بىلەن ئوخششىپ كېتىدۇ» دېگەن.

دېمەك، شەيخ سەئىدى ناھايىتى بۇرۇنلا غەرب ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە باشقا لىرىكىلىرى غەرب ئەدەبىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى ۋە شائىرلار شەيخ سەئىدىنىڭ

---

① ②③ «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت.

④ شەيخ سەئىدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت.

ھېكمەت دۇردانىلىرىنى قوبۇل قىلغان ياكى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۈرنەك قىلغان. بۇ توغرىلىق ئامېرىكا پەيلاسوپى ۋە شائىرى ئېمېرسۇن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «غەربتە ئەل ئارىسىدا تارقالغان نۇرغۇن ھېكايەت ۋە ھېكمەتلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسە، شەيخ سەئىدىگە بېرىپ تاقىلىدۇ»[1].

فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋىكتورگيۇگو (1802 ـ 1885) تەرجىمە ۋاسىتىسى ئارقىلىق سەئىدى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. چۈنكى، ۋىكتورگيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرى فرانسوز ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. گيۇگو سەئىدى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بۇ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، گيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» سى بىلەن سەئىدىنىڭ «بوستان» ئەسىرى قىسمەن جايلاردا ۋەقەلىك سيۇژىتى، تەرەققىياتى ۋە خاتىمە جەھەتتىن ئۆزئارا پاراللېل كېلىدۇ. غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىرى سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شائىر گيۇگونى «ئىران ئۇسلۇبلۇق فرانسىيە رومانتىزم شائىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. گيۇگو سەئىدىدىن باشقا پارس ـ تاجىك كلاسسىكى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (931 ـ 1020) گىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ ناپالېئون III نىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسىدىن قورقماي، ئۇنىڭ زالىملىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى كەبى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ خارۇ ـ سەرگەردان بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات تارىخى ئوبزورچىسى ھېنرى ماسسى گيۇگونى «فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى دەۋرىنىڭ فىردەۋسىسىدۇر»[2] دەپ ئېيتقان. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، گيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانىدا ياراتقان باش پېرسوناژ ۋالژاننىڭ كەچۈرمىش ـ سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇشكۇلاتقا قالغاندا باش روھانىنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىتى بىلەن شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ئەسىرىنىڭ 4 ـ باب 10 ـ ھېكايەتتە ياراتقان بىر شائىرنىڭ مۇشكۇلاتقا يولۇققاندا قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىتى سيۇژىت، ئاساسىي ئىدىيە ۋە نەتىجە جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇلارنىڭ يەكۈنىچە، گيۇگو شەيخ سەئىدى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلغان. گيۇگو ئۆزىنىڭ «شەرق دىۋانى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بېشىدىلا «گۈلىستان» نىڭ دىباچە (مۇقەددىمە) سىدىكى «كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا» دېگەن ھېكمەتنى ئىشلەتكەن، بايان جەريانىدا شەيخ سەئىدىنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنى بېزىگەن. غەرب ئوبزورچىلىرىنىڭ قارىشىچە، گيۇگو ھايات چېغىدا پارس ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، سەئىدى شىرازى بىلەن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىگە چوقۇنغان. بۇ خىل خاھىشنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەكس ئېتىلىشى ھەرگىزمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن گېرمانىيىنىڭ جاھانشۇمۇل شائىرى جون ۋولفگانگ گيۇتى (1749 ـ1832) مۇ ئۆزىنىڭ «شەرق ـ غەرب دىۋانى» (توغرىسى: «غەرب شائىرىنىڭ شەرق ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلىرى» ) دا پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ھافىز شىرازى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدى ۋە جالالىدىن رۇمىغا يۈكسەك ئەقىدە

---

① «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب. 13 ـ بەت.

قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇزىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغان. بۇنى ئۇنىڭ پارس تىلىنى «شېئىرىيەت دۆلىتى» دەپ قاراپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى يازغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

شېئىرنى بىلمەكلىك بولسا گەر مەقسەت،
شېئىرىيەت ئېلىگە قىلغىن ساياھەت.
نىيىتىڭ گەر بولسا شائىرنى تاپماق،
شائىرلار مۈلكىدە شائىر بىغايەت.①

«گۈلىستان»ۋە «بوستان» ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار بۇ بىباھا بايلىقتىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان. بۇلاردىن بىرى — فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق مەسەل (كىنايە) شائىرى جېئان. لافونتايىني (1621 - 1695) دۇر. ئۇنىڭ «كىنايىلىك شېئىرلار» (6 توم) ئىچىدىكى «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك»، «بىر موڭغۇلنىڭ كۆرگەن چۈشى»، «بېخىل باينىڭ ئالتۇنىنىڭ تاشقا ئالماشتۇرۇلۇشى» قاتارلىق ھېكايەتلەر، غەرب ئالىملىرىنىڭ دەلىللىشىچە، «گۈلىستان» دىن ئېلىنغان ياكى ئۇنىڭغا تەقلىدىي يېزىلغان.
فرانسىيىنىڭ داڭلىق تارىخچىسى، پەيلاسوپى ۋە يازغۇچىسى ۋولتايىري (1694 - 1778) «گۈلىستان» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆز تەسىراتىنى ئېلان قىلغان ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان.

فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، «فرانسىيىنىڭ تولستويى» (گوركى) دەپ نام ئالغان رومېن روللان ۋە ئۇنىڭ ئايالى روللان خانىم شەيخ سەئىدى مەستانىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز ئارا ئەۋەتىلگەن خەت - چەكلەردە دائىم سەئىدى ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەن.

ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» نىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. گېرمانىيىنىڭ شائىرى روشكىرېت (1788 - 1866) كۈندىلىك خاتىرىسىدە شەيخ سەئىدىنىڭ شېئىرلىرى خاتىرىلىنىۋېلىنغان. گېرمانىيىلىك مۇتەپەككۇر شائىر خېردېر (1744 - 1803)، فرانسىيىلىك شائىر مۇسسېت (1810 - 1857) ۋە بالزاك (1799 - 1850) قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە شەيخ سەئىدىنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پارىژدا ۋاپات بولغان ھازىرقى زامانىنىڭ مەشھۇر شائىرى ئېۋۈرىن مانىيوئېر شەيخ سەئىدىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۆلمەس ئەسەرلەر دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئائىلە ۋە مەكتەپ ھەققىدىكى شېئىرلار» دېگەن ئەسىرىدە «گۈلىستان» نىڭ 2 - باب 7 - ھېكايەتنى ئازراق ئۆزگەرتىپ پايدىلانغان ھەمدە ھېكايەت ئاخىرىدىكى يەكۈن خاراكتېرلىك شېئىرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ، ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

X VIII ئەسىردە ئەنگلىيە شائىرى جونېس شەيخ سەئىدىنىڭ «شاھلار - دەرەخ، خەلق بولسا يىلتىزى؛ يىلتىز ھايات بېرەر ئۆسكەن شاخلارغا»② دېگەن شېئىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

---

① «گيوتې شېئىرلار دىۋانى» شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 303 - بەت.

② «بوستان»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1983 - يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 4 - بەت.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ھېنرى ماسسى شەيخ سەئدى توغرىلىق مەخسۇس بىر بىئوگرافىيىلىك ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتى بىر قەدەر زور. ئۇ «بوستان» نى «ئەخلاق ـ پەزىلەت ئېپوسى» دەپ مەدھىيىلىگەن. ھېنرى ماسسىنىڭ قارىشىچە، شەيخ سەئدى غەربتە يۇكسەك شانۇ ـ شەۋكەتكە ئىگە. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، سەئدىنىڭ ئىدىيە ـ مەۋقەسى غەربنىڭ ئىدىيە ـ مەۋقەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەئدىنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ ماھىيىتى شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ماسسى ئۇمۇمەن سەئدى ئارقىلىق پارس ئەدەبىياتىنىڭ ياۋروپاچە ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ چىقالىغان. ئەنگلىيە ئىرانشۇناسى ئې. گ . براۋىن ئۆزىنىڭ «ئىران ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە، شەيخ سەئدى ئىدىيىسى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى تەپسىلىي شەرھىلەپ، سەئدى ئىدىيىسىنى تەرغىب ۋە تەشەببۇس قىلغان. ئۇ سەئدى ئىدىيىسى پۈتكۈل دۇنيادا ئاقىدىغان ئىدىيە دەپ ئېيتقان.

فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر، ئوبزورچى ۋە يازغۇچى ئېۋنېست لىنان سەئدى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مېنىڭچە، سەئدى پۈتۈنلەي بىزنىڭ يازغۇچىمىز، ئۇنىڭ كەڭ تېماتىك قىزىقىشلىرى، پاساھەتلىك تىل ھۈنىرى، باشقا شەرق يازغۇچىلىرىدا كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىزگە ئەڭ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ». «بوستان» نى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان مېناردنىڭ قارىشىچە، شەيخ سەئدىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن شائىرانە خىسلەت خوراسى (قەدىمكى گرېك شائىرى)غا، تىلىنىڭ ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇقلۇقى پولىنۇس ئوۋېدى (قەدىمكى گرېك شائىرى) غا، ئۆتكۈر يۇمۇرلۇقلۇقى، فرانسىيە يازغۇچىسى رابلائىس (1494 ـ 1553) غا، ئۇسلۇب ئىخچاملىقلىقى ج. د. فونتايىنى (1621 ـ 1695) غا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئامېرىكا پەيلاسوپى ئېمىرسون ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلىرىدا كۆپ يەردە سەئدىنى تىلغا ئېلىپ، «سەئدى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق ۋە جەمئىيەت قارىشى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە باپ كېلىدۇ، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىنسانىيەتنى ئويلىغان شائىر» دەپ قارىغان. گېرمانىيە مۇتەپەككۇر شائىرى خېردېر (1744 ـ 1803) سەئدىنى «ئەخلاق ـ پەزىلەت بابىدا تېپىلماس پىر ئۇستاز» دەپ ماختىغان. ئاۋىستىرىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى خامېرپورگېستال ئۆزىنىڭ «پېرسىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە شەيخ سەئدىگە يۇكسەك مەدھىيىلەرنى ئوقۇغان. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەيخ سەئدىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئىككى مىسرانى تاللاپ ئۆزىگە ئاخىرەتلىك قەبرە تەزكىرىسى قىلغان.

XVII ئەسىردە، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس رولىېر «گۈلىستان» دىن تاللانغان شېئىرلارنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ، «گۈلىستان ئېلى» نامى بىلەن پارىژدا نەشر قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن، ئاكسىن باخ ئۇنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «گۈلىستان» نىڭ غەربتىكى تەسىرى كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىغان. 1651 ـ يىلى گېنتوس «گۈلىستان»نى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1654 ـ يىلى «ئىرانغا سەپەر» ناملىق ئەسەرنى يازغان مەشھۇر سەيياھ ئالېئارئوس (گېرمانىيىلىك) «گۈلىستان» نى يەنە بىر قېتىم گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1774 ـ يىلى سېتەرئىن «گۈلىستان» دىكى ھېكايەتلەرنى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. 1894 ـ يىلى «ئىرانغا سەپەر» ۋە «گۈلىستان» نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى قايتا نەشر قىلىنغان كۈنى گوللاندىيە تىلىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «بوستان » «ئىران گۈلزارى» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان. 1762 ـ يىلى «شەرق ئەنئەنىسى ـ سەئدىنىڭ ئەخلاق قارىشى» ناملىق كىتاب فرانسىيىدە نەشر قىلىنغان. بۇ ئەمەلىيەتتە 1696 ـ يىلى نەشر قىلىنغان

«بوستان» نىڭ باشقا نام بىلەن قايتىدىن نەشر قىلىنىشى ئىدى. 1828 - يىلى فالكنور «بوستان» دىن تاللانغان شېئىرلارنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1850 - يىلى گراف «بوستان» نى پارس تىلىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ شۆھرەت قازاندى. 1862 - يىلى ك. ھ. كاراف «بوستان» دىكى ھېكايەتلەرنىمۇ شېئىرلاشتۇرۇپ ۋېنادا نەشر قىلدۇرغان. شۇنداق قىلىپ، شەيخ سەئىدىنىڭ مۇبارەك نامى پۈتكۈل غەربكە ئومۇملاشقان. XIX ئەسىرگە كەلگەندە، ياۋروپادا «گۈلىستان» بىلەن «بوستان» تولۇق نۇسخىسى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ، ئېسىل نەقىشلىق مۇقاۋا بىلەن نەشر قىلىنغان. XX ئەسىرگە كەلگەندە، مەشھۇر تەرجىمان دېفرېمېرى «گۈلىستان» نى، بابېرمېناد «بوستان» نى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تەپسىلىي شەرھ تەپسىراتى بىلەن نەشر قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گراف «گۈلىستان» نى گېرمان تىلىغا، نىزارىيانت رۇس تىلىغا، ئېستۇئك ئىنگلىز تىلىغا، كازىمىرىسكى پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، شەيخ سەئىدى ئەسەرلىرى پارس مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئورگانىك باغلىنىشلىق قىلىپ قويدى. دېمەك، شەيخ سەئىدى ھەقىقەتەنمۇ دۆلەت، مىللەت، دىن چېگرىسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى شائىر. ھازىرقى تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «گۈلىستان» دۇنيادا 60 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ قېتىم قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان. «بوستان» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە قايتا - قايتا بېسىلىشىمۇ «گۈلىستان» غا يېقىنلىشىدىكەن. ئىراننىڭ ھازىرقى زامان ئالىمى مۇزەپپەر بەختىيارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، دۇنيادا «گۈلىستان» بىلەن «بوستان» ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىلا بىر توم بولىدىكەن①. ھايتى «ئىران مەدەنىيىتى» دە، مەسسېن «سەئىدىنىڭ ھاياتى» دا، ئاربار «ئىراننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» دا شەيخ سەئىدى ئەسەرلىرىنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمە مۇندەرىجىسىنى ئىشلەپ بىر كىتاب چىقارغان. XVII ئەسىردىن ئېتىبارەن، 300 يىل ئىچىدە غەربنىڭ 80 نەچچە ئالىمى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن شەيخ سەئىدىنىڭ ھاياتى، ئىدىيىسى، ئۇسلۇبى، تىلى توغرىلىق مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىققان. 1980 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە دۇنيا مىقياسىدا شەيخ سەئىدى بىلەن ھافىز شىرازىنى خاتىرىلەش يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيادىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلار، مەدەنىيەت ئورگانلىرى بۇ پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلدى. سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرى يېڭىباشتىن ھەر خىل تىللاردا نەشر قىلىندى. كۆپلىگەن مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلار يېزىلدى. ئىران ۋە تاجىكىستاندا سەئىدىگە ئاتاپ مەخسۇس ئابىدىلەر ياسالدى.

شەيخ سەئىدى غەربتىلا ئەمەس، شەرقتىمۇ ناھايىتى كاتتا ئىززەت - ئابرويغا ئىگە. جۇڭگودا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇندىنلا مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتقان. XIII ئەسىردە، جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن ئىسپانىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ئىبن باتتۇتا (1304 - 1377) ئۆزىنىڭ «ئىبن باتتۇتا ساياھەت خاتىرىلىرى» دە خاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ كۆل بېغىدا كىشىلەرنىڭ سەئىدى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشۋاتقانلىقىنى خاتىرىلىگەن. شەيخ سەئىدى «گۈلىستان» دا كۆپ يەردە جۇڭگونى، بىر - ئىككى يەردە قەشقەرنىمۇ تىلغا ئالغان. دۆلىتىمىزدە «گۈلىستان» 1947 - يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنى ئېلىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئالىمى (خۇيزۇ) ۋاڭ جىڭجەي پارس تىلىدىن بىۋاستە

① «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 17 - بەت.

خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1958 ـ يىلى شۇي جيەنشياڭ ئەپەندى «گۈلىستان» نى ئىنگلىز تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1989 ـ يىلى جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندى «بوستان» نى پارس تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ چەتئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدە شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدۇ. جۇڭگونىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيىلىرى، قامۇسلىرى ۋە لۇغەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەيخ سەئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇقتىلىق سەھىپە ئىگىلەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا، شەيخ سەئىدى تاجىك، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا ئېخىمۇ شۆھرەتلىك. ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە، «گۈلىستان» ۋە «بوستان» مەدرىسلەردە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە دەرسلىك قىلىنغان. خەلق ئارىسىدا «گۈلىستان» ۋە «بوستان» نىڭ ھەر خىل قول يازمىلىرى ۋە باسما نۇسخىلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. 1984 ـ يىلى مەرھۇم رەھمىتۇللا جارى ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، مىللەتلەر نەشرىياتى «گۈلىستان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى. 1983 ـ يىلى قۇربان بارات ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى «بوستان» نى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى.

بىز ماقالىنىڭ ئاخىرىنى شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنۇ بىر كوبلېت شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

نە پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق؟<br>
گۈلىستانىمدىن ساقلا، بىر ۋاراق.<br>
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدۇ،<br>
بۇ گۈلىستان مەڭگۈ سولمايدۇ①.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

2. «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى).

3. «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

4. «بوستان»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

5. «يىپەك يولى، جۇڭگو ـ پارس مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

6. «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان.

7. «گۈلىستان» ۋە «بوستان» تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلار.



(پوچتا نومۇرى: 830046)


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

① «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 15 ـ بەت.

1999 - يىلى 12 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　20 - يىللىق 4 - سان
1999 年 12 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 20 卷第 4 期

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلىرىنىڭ مال - مۈلۈك تۇزۇمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا

غەيرەت نۇرەخمەت،* ئالىم قادىر**

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەر - خوتۇنلارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرى ۋە لايىھىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

摘要:本文就当前处理离婚案时通过法律保护男女双方合法财产问题,提出了一些措施和方案。

**Abstract**: This article puts forward a series of measures and plans to defend men and women's lawful property by using law when divorce cases are handled at present.

ئەر - خوتۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك تۈزۈمى نىكاھ مال - مۈلۈك تۈزۈمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان قانۇنىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەر - خوتۇنلارنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال - مۈلكى بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن مال - مۈلكىنىڭ تەۋەلىكىنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، باشقۇرۇش، تاپاۋەت قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زىچ ئالاقىدار بولغان مال - مۈلۈك مەسئۇلىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىدا: «ئەر - خوتۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە تاپقان مال - مۈلۈك، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مۈلكى بولىدۇ، ئايرىم پۈتۈشكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلىنىش ئارقىلىق ئورتاق مال - مۈلۈك تۈزۈمىنى ئاساس، پۈتۈشۈش تۈزۈمىنى قوشۇمچە قىلغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك تۈزۈمى ئورنىتىلغان.

دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان بەلگىلىمىسى گەرچە 80 - يىللارنىڭ بېشىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي شەرت - شارائىتى بىلەن ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىغا ماس كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلاھاتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ نىكاھ ئائىلە كۆز قارىشى بىلەن نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە

* غەيرەت نۇرەخمەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.
** ئالىم قادىر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى.

جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تازا ماس كەلمەي قالدى. نۆۋەتتە بىر جەھەتتىن ئائىلە كۆز قارىشى سۇسلىشىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلىسە، يەنە بىر جەھەتتىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئائىلە مال ـ مۈلكىنىڭ قىممىتى يۇقىرى، تۈرى كۆپ بولۇپ ئىگىدارلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلەشمەكتە. كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر كۆز قارىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. مانا بۇ ئۆزگىرىشلەر دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىگە دائىر قانۇن چىقىرىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن چەكلىمىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ دۆلىتىمىز، جۈملىدىن رايونىمىزدىكى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

1880 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان مەزكۇر قانۇننىڭ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىگە دائىر بەلگىلىمىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئەدلىيىلىك ئىزاھات بەردى. مەسىلەن، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت ـ قانۇنلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىكىردە، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى ئېنىق قىلىپ مەخسۇس بەلگىلىدى. 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەقسىملەش جەريانىدا مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خەلق سوت مەھكىمىمىزنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا مال ـ مۈلۈكنى تەقسىملەش مەسىلىسى توغرىسىدا بىر قانچە كونكرېت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكىنىڭ دائىرىسى، تەقسىملەش پرىنسىپى، ئۇسۇلى، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىنىڭ دائىرىسى، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق قەرزى، شەخسىي قەرزى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېت بەلگىلىدى. ئەمما ئەدلىيىلىك ئىزاھات ھەرگىزمۇ قانۇن بەلگىلىمىسى ئەمەس. شۇڭا رايونىمىزدىكى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ مۈلكى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئايرىم مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى، ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش تۈزۈمى قاتارلىق تۆرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى قانۇنىي جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇش، ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش، كونكرېتلاشتۇرۇش ئارقىلىق رايونىمىزدىكى ئەر ـ خوتۇنلار مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنىڭ سىستېمىسىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش كېرەك.

دۆلىتىمىز جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغاندا، ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مال ـ مۈلۈكنىڭ دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى ئەر ـ خوتۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە تاپقان مال ـ مۈلۈكنى يەنى نىكاھتىن كېيىن ئېرىشكەن ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇقۇم ناھايىتى ئېنىق، لېكىن ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى

مال ـ مۈلكنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئېنىق بولمىغاندا ئۇنى پەرقلەندۈرۈشتە دائىم زىددىيەت تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭچە ئەر ـ خوتۇنلار ئورتاق مال ـ مۈلكنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئەر ـ خوتۇنلار ئورتاق مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە يولۇققان يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلان قىلغان «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى سوت قىلىشتا مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت بىر قانچە كونكرېتنى پىكىر» دە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا مۇنداق ئەدلىيىلىك ئىزاھات بەردى: «ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ئېرىشكەن مال ـ مۈلكى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئەمگەك قىلىپ تاپقان كىرىمى ۋە سېتىۋالغان مال ـ مۈلۈكلىرى؛ ② بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ۋارىسلىق قىلغان، ھەدىيە قوبۇل قىلغان مال ـ مۈلۈكلىرى؛ ③ بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىدىن ئېرىشكەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتى؛ ④ بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ھۆددىگە، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئېرىشكەن تاپاۋىتى؛ ⑤ بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ قولغا كەلتۈرگەن ھەقدارلىق ھوقۇقى؛ ⑥ بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلۇق كىرىمى». بۇ بەلگىلىمە گەرچە نىكاھتىن كېيىن ئېرىشكەن ئورتاق مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭچە بۇ بەلگىلىمىنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ: ① نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ئەر ـ خوتۇن بىر تەرەپ ۋارىسلىق قىلغان ياكى ھەدىيە قوبۇل قىلغان مال ـ مۈلۈكنى بىردەك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلۈكى دەپ قارىماستىن، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ جانلىق بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەر ـ خوتۇن بىر تەرەپ ۋارىسلىق قىلغان ياكى ھەدىيە قوبۇل قىلغان مال ـ مۈلۈكنى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ۋارىسلىق قىلدۇرغۇچى ياكى ھەدىيە قىلغۇچى پەقەت ئەر ـ خوتۇن بىر تەرەپنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ياكى ھەدىيە قوبۇل قىلىشىنى ئېنىق ئىزھار قىلغان بولسا، بۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئورتاق مال ـ مۈلكنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئۇنى ئەر ـ خوتۇن بىر تەرەپنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈك دەپ قاراش كېرەك. بىزنىڭچە نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ئېرىشكەن بارلىق مال ـ مۈلۈك بىردەك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى ئەلۋەتتە. لېكىن ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپ ۋارىسلىق قىلىش ياكى ھەدىيەنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىدا ئەسلىدىكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق تەلىپىنى ئويلىنىشىپ كۆرۈش كېرەك. بۇ، مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولۇپ، بۇنداق ھوقۇق ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە مىراسخورلۇق قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. شۇڭا نىكاھ قانۇنى بۇنىڭغا قارىتا مۇناسىپ بەلگىلىمە چىقىرىپ، مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋىتىدە قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ② نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى بىردەك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى دەپ قارىماستىن ئۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەگەردە ئاپتورنىڭ ئەسىرى، رەسسامنىڭ سىزغان رەسىمى، پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ پاتېنتى ھەمدە كەشپىياتچىنىڭ كەشپىياتى ئاللىقاچان تاۋار سۈپىتىدىن ئوبوروت

دائىرىسىگە كىرگەن ھەمدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىپ ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ئېرىشكەن بولسا بۇنى نىكاھتىن ئاجراشقاندا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مۈلكى قاتارىدا تەقسىملەش كېرەك. ئەكسىنچە بۇ قول يازمىلار، رەسىملەر، تەسەۋۋۇر، لايىھە قاتارلىقلار ئەگەر نىكاھتىن ئاجراشقاندا تېخى نەشر قىلىنمىغان ياكى قوللىنىلمىغان بولسا ئۇ پەقەت ئەر ـ خوتۇن بىر تەرەپنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى، ماددىي بايلىق مەزمۇنىغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەقسىملەشكە بولمايدۇ.

بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى تەنھا ئىگىلەش ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان ئەقلىي ئەمگەك نەتىجىسىنى مەزمۇن قىلغان خاسلىققا ئىگە ھوقۇق بولۇپ، ئۇ چەتكە قېقىش خاراكتېرى بىلەن مۇستەقىللىككە ئىگە، شۇنداقلا يەنە جىسمانىي ھوقۇق بىلەن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىدىن ئىبارەت قوش خاراكتېرگە ئىگە. جىسمانىي ھوقۇق مەلۇم سالاھىيەتكە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن بىۋاستە مال ـ مۈلۈك مەزمۇنى بولمىغان ھوقۇق بولۇپ، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن ھامان مۇئەييەن كىشىنىڭ جىسمىدىن ئايرىلالمايدۇ. قانۇندىكى ئالاھىدە بەلگىلىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنى ھەر قانداق شەكىل ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. شۇڭا نىكاھتىن ئاجراشقاندا، جۈرىسى بولغان ئالاقىدار بىر تەرەپكە تېخى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشمىگەن بىلىم ـ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى تەقسىملەشكە بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر خىل شەكىلسىز مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بولۇپ، بۇنداق جىسمانىي ھوقۇقنى تەقسىملەش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ تاۋار خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھوقۇق ئىگىسى بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىش ياكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ھوقۇق ئىگىسى بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولغان ھامان ئۇنىڭ جۈرىسى مال ـ مۈلۈككە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە بۇ ھوقۇقنىڭ يېرىمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. نىكاھتىن ئاجراشقاندا تەقسىماتقا قاتنىشىشقا ھوقۇقلۇق. شۇڭا بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قارا ـ قويۇق بىردەك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى دەپ قارىماستىن پەقەت نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدىكى بىلىم مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى قاتارىدا تەقسىملەش كېرەك.

ئىككىنچى، مال ـ مۈلۈك ئەر ياكى ئائىلىگىلا خاس بولغان تۈزۈمنى ئورنىتىش كېرەك.

مال ـ مۈلۈك ئەر ياكى ئائىلىگىلا خاس بولغان تۈزۈم نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدىكى قىسمەن مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئەر تەرەپ ياكى ئايال تەرەپنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ نىكاھ قانۇنى بۇ تۈزۈمنى ئېنىق بەلگىلىگەن. مەسىلەن: فرانسىيە ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ 1404 ـ ماددىسىدا: «تۆۋەندىكى مال ـ مۈلۈكلەر نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە قولغا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئەر ياكى ئايال تەرەپنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىغا تەئەللۇق بولىدۇ: ① ئەر ياكى ئايال تەرەپ پايدىلىنىۋاتقان كىيىم ـ كېچەك بىلەن كۈندىلىك بۇيۇملار؛ ② روھىي جەھەتتىكى زىياننى تۆلەپ بېرىش توغرىسىدىكى ئەرز قىلىش ھوقۇقى؛ ③ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدىغان ھەقدارلىق ۋە ياردەم سوممىسى» دەپ بەلگىلەنگەن. رومىنىيە ئائىلە قانۇنىنىڭ 31 ـ ماددىسىدا: «تۆۋەندىكى مال ـ مۈلۈكلەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكىگە كىرمەيدۇ، بەلكى ئەر ياكى ئايال تەرەپنىڭ مۇستەقىل ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولىدۇ: ① نىكاھتىن ئىلگىرى ئېرىشكەن مال ـ

مۈلۈك؛ ② ۋارىسلىق قىلىش، مىراس ھەدىيە قىلىش ياكى ھەدىيە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك؛ ③ ئەر ياكى ئايال تەرەپ خۇسۇسىي پايدىلىنىۋاتقان ياكى ئۆز كەسپىگە ئېھتىياجلىق بولغان مال ـ مۈلۈك؛ ④ مۇكاپات ھېسابىدا ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك؛ ⑤ سۇغۇرتا سوممىسى ياكى تۆلەم سوممىسى قاتارلىقلار» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىدا مال ـ مۈلۈك ئەر ياكى ئايالغىلا خاس بولغان تۈزۈم توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. لېكىن ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە تۆۋەندىكى مال ـ مۈلۈكلەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكى دەپ قارىلىدۇ: ① مەخسۇس شەخسلەر پايدىلىنىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەر؛ ② ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى ئۆزىگە تەۋە بولغان مال ـ مۈلكى؛ ③ بىر تەرەپنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىدا زۆرۈر بولغان قورال، سايمانلار؛ ④ ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنىڭ ياردەم پۇلى، توي قىلغىنىغا 10 يىل توشمىغان ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتىش راسخوتى بىلەن كەسىپ ئالماشتۇرۇش راسخوتى قاتارلىقلار. بىزنىڭچە نىكاھ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە مال ـ مۈلۈك ئەر ياكى ئايالغىلا خاس بولغان تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىغا تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلكىنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ تۆۋەنتىكى ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپ بولۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش كېرەك.

مال ـ مۈلۈك ئەر ياكى ئايالغىلا خاس بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش — ئائىلە مال ـ مۈلكىنىڭ تەۋەلىكى بىلەن چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان ماجرانى ئازايتىپ پۇقرالارنىڭ شەخسىي قانۇنىي مال ـ مۈلكىگە بولغان ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق. بىزنىڭچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى نىكاھ ئائىلە قانۇنىدا تۆۋەندىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى ئەر ياكى ئايالنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ① نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى شەخسكە تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلۈك ۋە قولغا كەلتۈرگەن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى؛ ② بىر تەرەپ شەخسىي پايدىلىنىۋاتقان قىممىتى ئانچە يۇقىرى بولمىغان كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى؛ ③ بىر تەرەپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئېھتىياجلىق بولغان خاس مال ـ مۈلۈكلەر (قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)؛ ④ كىشىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىر تەرەپنىڭ ياردەم پۇلى، داۋالىنىش راسخوتى، ساقلىقنى ساقلاش راسخوتى، جىسمانىي سۇغۇرتا پۇلى، زەخىملەنگۈچى، مېيىپ بولغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلگەن تۆلەم پۇلى قاتارلىقلار؛ ⑤ بىر تەرەپ مۇكاپاتلىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇكاپات بۇيۇمى بىلەن خاتىرە بۇيۇم؛ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مۈلكى ياكى ئەر ياكى ئايالغىلا خاس بولغان مال ـ مۈلۈك ئىكەنلىكىنى بېكىتىش قىيىن بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچى بىر تەرەپ ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىسە ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالسا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەر ـ خوتۇنلار ئالدىن پۈتۈشۈپ بېلىشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەر ـ خوتۇنلار ئالدىن پۈتۈشۈۋالىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال ـ مۈلكى بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن مال ـ مۈلكىنى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، باشقۇرۇش، تاپاۋەت قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنىي تۈزۈمدۇر.

ئەر ـ خوتۇنلار ئالدىن پۈتۈشۈۋالىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئومۇمەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى تاللاپ بېكىتىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئالاقىدار

تەرەپلەرنىڭ تاللىۋېلىشى ئۈچۈن نىكاھ قانۇنىدا بىر قانچە تۈرلۈك مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، شىۋېتسارىيە نىكاھ قانۇنى. يەنە بەزى دۆلەتلەر مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنىڭ شەكلىنى قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمەي، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا پۈتۈشۈۋېلىشىغا يول قويىدۇ. مەسىلەن: ياپونىيە ھەق تەلەپ قانۇنى. ئومۇمەن ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قانداق پۈتۈشۈۋېلىش ھەمدە پۈتۈشۈۋالىدىغان مەزمۇنلارغا قارىتا ئېنىق ھەم كونكرېت چەكلىمە قويغان. بۇنداق چەكلىمە ئاساسەن پۈتۈشۈۋالىدىغان مەزمۇنلارنىڭ قانۇن ۋە جامائەت ئەخلاقىغا خىلاپ بولماسلىقىنى، ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكىنى، پۈتۈشۈۋېلىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەكىلگە ئۇيغۇن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. 1980 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىدا ئورتاق مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى بەلگىلىنىش بىلەن بىر گە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنغان. نۆۋەتتە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارى زورىيىپ، ئالدىن پۈتۈشۈۋالىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. شۇڭا دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ بىر قەدەر ئاددىي بەلگىلەنگەن ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىدە بىرىنچىدىن، رۇخسەت قىلىش، ئىككىنچىدىن، چەكلەش پرىنسىپىنى قوللىنىش يەنى قانۇن جەھەتتە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمىنى تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىش، ئەمما ئالدىن پۈتۈشۈۋالىدىغان مەزمۇن، ئۇسۇل قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك چەك قويۇش ۋە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ ئالاقىدار تەرەپلەرنى ئۆز ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك:

(1) پۈتۈشۈۋېلىش سۇبيېكتى چوقۇم ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپ بولۇشى، ئالدىن پۈتۈشۈۋالغۇچىلار ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىدا تولۇق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان جۆرىلەردىن بولۇشى شەرت. بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولغان جۆرىلەردىن بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئالدىن پۈتۈشۈۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

(2) ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش ھەققىدە ئىپادىلىگەن ئىرادىسى چىنلىققا ئىگە بولۇشى، ھەر قانداق بىر تەرەپ ئالداش، تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ قارشى تەرەپ بىلەن ئالدىن پۈتۈشۈۋالماسلىقى كېرەك. ئاپئاشكارە ئادالەتسىز بولغان ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش ئىناۋەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

(3) پۈتۈشۈۋېلىش ئوبيېكتى چوقۇم ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈك ياكى بىر تەرەپنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈك بولۇشى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېتىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

(4) ئالدىن پۈتۈشۈۋالىدىغان مەزمۇنلار چوقۇم قانۇنغا ۋە جامائەت ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولۇشى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئومۇمەن قانۇن مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش ئىناۋەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

(5) ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىش ۋاقتى نىكاھتىن ئىلگىرى بولسىمۇ ياكى نىكاھتىن كېيىن بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

(6) ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىشنىڭ قانۇنلۇق، ئىناۋەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، قانۇننىڭ قوغدىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ نازارىتىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى

ئالدىن پۇتۇشۇۋېلىشتا يازما شەكىلنى قوللىنىش كېرەك. شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئالدىن پۇتۇشۇۋېلىشنىڭ شەكىل جەھەتتىكى مۇھىم شەرتىدۇر. ئادەتتە تالاش - تارتىش تۇغۇلغان، يەنە كېلىپ ئېنىق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان ئاغزاكىي پۇتۇشۇۋېلىشنىڭ بىردەك قانۇنىي ئۈنۈم كۈچى بولمايدۇ.

(7) ئالدىن پۇتۇشۇۋالغان مەزمۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە ۋە بىكار قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك.

ئالدىن پۇتۇشۇۋېلىش كۈچكە ئىگە بولغان هامان ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ ئالدىن پۇتۇشۇۋالغان مەزمۇنلار بويىچە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋىتى ئاياغلىشىپ مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىنغاندا، ئالدىن پۇتۇشۇۋالغانلىرى پۇتۇشۇم بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ. ئالدىن پۇتۇشۇۋېلىش قانۇنى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىسە ئورتاق مال - مۈلۈك تۈزۈمى بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەر - خوتۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 29 - ماددىسىدا: «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ، يېزىلاردىكى ھۆددىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ قەرزى شەخسىي تىجارەت قىلغانلارغا تەئەللۇق بولسا، شەخسنىڭ مال - مۈلكىگە يۈكلىنىدۇ. ئائىلە بويىچە تىجارەت قىلغانلارغا تەئەللۇق بولسا، ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىگە يۈكلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىر» دە، «يۇقىرىلاردىن ئۆز نامىدا ئىلتىماس قىلىپ تىزىملاتقان يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە يېزىلاردىكى شەخسىي ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكنى دەسمايە سالغان ياكى تاپقان پايدىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىدىن ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى بەھرىمەن قىلغان بولسا، ئۇلار قەرزنى ئائىلىسىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلكى بىلەن ئۈزۈشى كېرەك. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە بىر تەرەپنىڭ يەككە تىجارەت بىلەن ياكى ھۆددىگەرلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان كىرىمى ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار قەرزىنىمۇ ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈك بىلەن ئۈزۈشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن.

بىرىنچىدە، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مال - مۈلۈك مەسىلىسىنى بىر ياقلىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن يەككە تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئەر - خوتۇن ئورتاق تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەبلەغ سالغۇچى، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېنىق بېكىتىش كېرەك.

ئومۇمەن، ئۆز نامىدا ئىلتىماس قىلىپ تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئالغان، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تىجارەتنى باشلىغان، نىكاھتىن كېيىن قارشى تەرەپ تىجارەتكە قاتناشمىغان پايدىدىن بەھرىمەن بولمىغان بولسا شەخسىي تىجارەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەبلەغ سالغۇچى، تىجارەت قىلغۇچى، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوخشاش بىر ئادەم بولۇپ ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مال - مۈلۈك تۈزۈمى شەكىللەنمەيدۇ. ئۆز نامىدا ئىلتىماس قىلىپ تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئالغان - ئالمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمەن ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈك ئارقىلىق مەبلەغ سالغان، تىجارەت بىلەن ئورتاق شۇغۇللانغان، پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان بولسا ئەر - خوتۇن ئورتاق تىجارەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەبلەغ سالغۇچى، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئالاقىدار بىر تەرەپ بولماستىن بەلكى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بولىدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇن بىرلىكتە مەبلەغ چىقارغان، پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان، لېكىن تىجارەتنى بىر تەرەپ ئېلىپ بېرىش بىلەن ئورتاق مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن بولسا قەرزنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ.

شەخسىي تىجارەتتىن بولغان قەرزنى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ يۇقىرىقى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن پرىنسىپ جەھەتتە شۇ شەخسىنىڭ ئۆزى ئورنىتىشى كېرەك. بىزنىڭچە بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «شەخسىي تىجارەت قىلىش» ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

(1) ئەر ياكى ئايال تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالماي ئورتاق مال - مۈلۈكتىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ۋە ئۆز نامىدا مەلۇم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن قەرزنى شۇ شەخسىنىڭ ئۆزى ئۆزىدۇ. قارشى تەرەپ قەرزنى ئۆزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل تىجارەت پائالىيىتى ئورتاق ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكنى ئىگىلەش - پايدىلىنىش، بولۇپمۇ بىر تەرەپ قىلىشتا باشقا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك دېگەن پرىنسىپقا خىلاپ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرنىڭ 89 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئورتاق ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكنى ئۆز مەيلىچە بىر ياقلىق قىلىۋېتىشى ئومۇمەن كۈچكە ئىگە ئەمەس دەپ بېكىتىلىدى. لېكىن ئۈچىنچى كىشى بۇ مال - مۈلۈككە ياخشى نىيەت بىلەن ھەقلىق ئېرىشكەن بولسا، ئۈچىنچى كىشىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى باشقا كىشىلەر ئۇچرىغان زىياننى ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكنى ئۆز مەيلىچە بىر ياقلىق قىلىۋەتكۈچى تۆلەيدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئەر ياكى ئايال تەرەپنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى مال - مۈلۈكنى ئۆز مەيلىچە بىر ياقلىق قىلىۋېتىشى قارشى تەرەپ ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرمىسە بۇ سۈكۈت ئارقىلىق قوشۇلدى دەپ قارىلىدۇ. ئىشتىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، بىر ياقلىق قىلىشنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

(2) ئەر ياكى ئايال تەرەپ ئۆزىنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئۆز نامىدا مەلۇم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بولغان قەرزنى ئۆزۈش مەسئۇلىيىتىنى قارشى تەرەپ ئۈستىگە ئالمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل تىجارەتتىن ئېرىشكەن تاپاۋەت ئائىلىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىنمايدۇ. ئائىلە مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولمايدۇ. نىكاھ قانۇنىنىڭ 32 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپ ئورتاق تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئالغان قەرز ئورتاق قەرز ھېسابلىنىپ، ئورتاق مال - مۈلۈك ئارقىلىق قايتۇرۇلىدۇ. ئەر - خوتۇن بىر تەرەپ يالغۇز ئالغان قەرز شەخسىي قەرز ھېسابلىنىپ، شەخسىي مال - مۈلۈك ئارقىلىق قايتۇرىلىدۇ. قارشى تەرەپ ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مال - مۈلۈكنىڭ پەۋقۇلئاددە خاراكتېرىگە ئاساسەن گەرچە ئەر ياكى ئايال تەرەپ ئۆزىنىڭ نامىدا تىجارەت ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىجارىتىدىن ئېرىشكەن تاپاۋەت ئەر - خوتۇنىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىنغانلىقى، يەنە ئائىلە مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق تىجارەتتىن بولغان قەرز ئورتاق قەرز ھېسابلىنىپ، قارشى تەرەپ چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە تىلغا ئېلىنغان شەخسىي تىجارەت قىلىش دېگەننى چۈشىنىشتە پەقەتلا «ئۆزىنىڭ نامىدا» دەپ چۈشىنىپ قالماي، بەلكى تېجارەتتىن ئېرىشكەن تاپاۋەت بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى بار ياكى يوقلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ھەم ھوقۇق - مەجبۇرىيەت بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەم باشقا ھەقدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى يەتمەيدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 ـ يىللىق 4 ـ سان
第20卷第4期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 1999年12月

# شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدا

غالىپ ئىسمائىل*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە ئۇنى چەكلەش توغرىسىدىكى تەدبىرلەر كۆرسىتىلگەن.

**摘要**:本文在说明新疆吸食大麻犯罪的几个特点的同时,提出了禁止吸食大麻的措施。

**Abstract**: This article puts forward measures to limit taking drugs and explains some characteristics of taking drugs case in Xinjiang at the same time.

ھازىر، دۇنيادا زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ، ئەندىشىگە سالماقتا. نۆۋەتتە، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كېتىشى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ھەمدە سەرپ قىلىنىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ كۆپلىكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر دۇنيادا، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ سانى 200 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن (بۇ سان پەقەتلا مەلۇم بولغانلىرى). بۇنىڭ ئىچىدە، ئەپيۇن تۈرىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار 176 مىليونغا، كوكايىن چېكىدىغانلار 48 مىليونغا يەتكەن. نەشە چېكىدىغانلارنىڭ سانى يۇقىرىقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن. 1990 ـ يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى چوڭ يىغىنىدا ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ ۋاقىتتا، دۇنيادىكى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يىللىق سودا ئومۇمىي سوممىسى 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنيا سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 10% نى ئىگىلىگەن. بۇ سان دۇنيانىڭ ھەربىي قورال ـ ياراق سودا سوممىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، نېفىت سودىسى ۋە ئاشلىق سودىسى سوممىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە، دۇنيادىكى زەھەرلىك

* غالىپ ئىسمائىل: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى.

چېكىملىك سودا سوممىسى 700 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، پايدىسى 400 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ پايدىسى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە، زەھەرلىك چېكىملىك سودا سوممىسى دۇنيادىكى زەھەرلىك چېكىملىك سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %70 تىنى ئىگىلىگەن. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال دۆلىتى بولغان ئامېرىكا 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يىلىغا 15000 تونىنا نەشە ئىستېمال قىلغان. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ھەسسىلەپ ئۆرلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن باشقا يەنە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلاردا، نەشە زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. دېمەك، نەشىدىن ئىبارەت بۇ زەھەر، زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ دۇنيادا تارقىلىش نىسبىتى ۋە دائىرىسى ئەڭ كۆپ.

دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، چەتئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە كۆپىيىپ، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىزدە توپ يىلتىزىدىن يوقىتىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك زەھەرلىك چېكىملىكلەرمۇ قايتىدىن پەيدا بولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلاپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى، جىسمانىي ئامانلىقى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ باياناتىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ سانى 520 مىڭ كىشى بولغان. بۇ سان 1988 ـ يىلىدىكىدىن 10 ھەسسە ئۆرلىگەن. يەنى 1988 ـ يىلى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار 50 مىڭدىن ئارتۇق بولغان بولسا، 1991 ـ يىلى 148 مىڭ كىشى، 1993 ـ يىلى 250 مىڭ كىشى، 1994 ـ يىلى 380 مىڭ كىشى بولغان. 1991 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان 4 يىل ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكەت بويىچە تۈرلۈك زەھەرلىك چېكىملىك دېلولىرى پاش قىلىنىپ، نۇرغۇن زەھەرلىك چېكىملىكلەر قولغا چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، 3 مىليون 600 مىڭ گرام نەشە بار. نەشىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قولغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ مەلۇماتلار دۆلىتىمىزدىكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ سانىنى ھەقىقىي ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن، زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھەمدە، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى يەنى، نەشە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ روشەن رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 1

(1) نەشە چېكىملىك جىنايەت مەسىلىسى مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن شىنجاڭدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز نەشە پەيدا بولغان جاي ھىندىستان بىلەن چېگرالىنىدۇ. بۇ دۆلەت بىلەن قەدىمدىن تارتىپ سودا پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، موخۇركا بىلەن بىللە نەشىمۇ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن نەشە چېكىش، تاماكا چەككەندەك ئاددىي ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن. نەشە سودىگەرلىرى ۋە چېكىدىغانلارنىڭ نەشىنىڭ «پايدىلىق تەرەپلىرى» نى تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە كىشىلەردە، نەشە چەكسە ئىشتەيىنى ئاچىدۇ، تاماقنى ياخشىلايدۇ، غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىدۇ، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، ئەرلىكنى كۈچەيتىدۇ دەيدىغان قاراشلار پەيدا بولۇپ، بۇ خىل قاراش نەشىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىغا سەۋەب بولغان (بۇ ھالەت يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشقان. ھازىرمۇ نەشە چېكىدىغانلاردا يۇقىرىقىدەك قاراشلار بار) . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەر نەشە چېكىشنى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلىمىگەن ياكى كارى بولمىغان. يەرلىكتىكى بەگ، ئەمەلدارلارمۇ نەشە چەككەنلىكتىن، ھەر قايسى جايلاردا نەشە چەكلەشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان. پەقەت، 1945 - يىلىغا كەلگەندىلا، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭ «سىياسىي ھاۋانى ياخشىلاپ، ئۈچ زىيانداشنى يىلتىزىدىن يوقىتىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەپيۇن چەكلەش كومىتېتى قۇرۇپ، ئەپيۇن ۋە نەشىنى چەكلىگەن، ھەمدە يىغىۋالغان ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى كۆيدۈرگەن. ھازىر قولىمىزدىكى بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۇ قېتىمقى زەھەر چەكلەش ھەرىكىتى جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق نەشىنى مەنئىي قىلىش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قاتار سىياسەت، قانۇنلارنى تۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى دولقۇن قوزغاپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئەپيون قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر دۆلىتىمىز زېمىنىدا تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلدى. لېكىن، شىنجاڭدا بولسا، يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نەشە ياساش، چېكىش ئەھۋالى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. بۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى جايلار، يەرلىكنىڭ ئۆزىدە نەشە چېكىشكە قارشى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان. 1985 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەندىر تېرىشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، نەشىنىڭ خام ماتېرىيالىنى تېرىشنى چەكلىگەن. بۇ دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كەندىر تېرىشنى مەنئىي قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1991 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەشىنى مەنئىي قىلىش نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، نەشە چېكىشنى ئومۇميۈزلۈك چەكلىدى. بۇ نىزام، دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى نەشە چەكلەش توغرىسىدىكى بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بولغان يەرلىك قانۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، شىنجاڭدا نەشە چەكلەش پائالىيىتى قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىغا قاراپ يۈزلەندى.

خەلقئارادىكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، تېزىمغا ئالدۇرۇلغان ياكى ساقچى دائىرىلىرى بىلىدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا، چېكىدىغانلاردىن يەنە ئاز دېگەندە 5 ئادەم بولىدىكەن. دۆلىتىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، دۆلىتىمىزدە، تېزىمغا ئالدۇرۇلغان ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ

ئەتراپىدا چېكىدىغانلاردىن يەنە 3 تىن 5 كىچە ئادەم بار ئىكەن. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1994 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى 12 شەھەر، ناھىيىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدە (جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ) نەشە چېكىدىغانلار تەخمىنەن 2 يۈز 20 مىڭ كىشى ئىكەن. بۇ مەلۇماتلار، دۆلىتىمىزدىكى زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، بەزى بىر سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، ھەقىقىي سان بىلەن پەرىقلىنىشى مۇمكىن. يەنى، بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سانلىق مەلۇماتى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تىزىمغا ئالغان ماتېرىياللىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلغان ماتېرىياللىرى شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئەمەلىلىگەن ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. لېكىن، نەشە چېكىش قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا مەلۇم بولغانلىرى بىلەن مەلۇم بولمىغانلىرى ئوتتۇرىسىدا ھامان پەرق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىز 30 يىللىق «زەھەرسىز دۆلەت» تارىخىغا ئىگە. بۇ بىر ھۆكۈمەت ئۈچۈن شەرەپلىك ئاتاق. شۇڭا، زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى يۈرەكلىك ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت يوق ياكى بۇ ھەقتە تونۇش يېتەرلىك ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، يەرلىك ھۆكۈمەتتىكى بەزى كىشىلەر ئۆز تەۋەسىدە يۈز بەرگەن ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش دەپ قاراپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدۇ ياكى راس گەپ قىلمايدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش مۇمكىن. بولۇپمۇ نەشە چېكىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن نەشىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، چېكىدىغانلار ئەڭ كۆپ، ھەمدە جىنايەت يۈز بېرىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزدە نەشە شىنجاڭنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى مەركەز قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ.

(2) نەشە مەنبە جەھەتتە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، شىنجاڭدا يەرلىكتىن چىقىدۇ.

نەشە كەندىردىن ياسىلىدۇ. كەندىر سورتىنىڭ ۋە ئۇ ئۆستۈرۈلگەن تەبىئىي شارائىتنىڭ قانداق بولۇشى ياسىلىپ چىققان نەشىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى كەندىر بۇرۇن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ خىل كەندىرنىڭ ئاتىلىق تۈپى يەككە، تۈز ۋە ئېگىز بولىدۇ. ئانىلىق تۈپىنىڭ شاخلىرى پاكار بولۇپ، شەكلى دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. يوپۇرماق قولتۇقچىسىدىكى ئانىلىق چېچەك ۋە ئۇچلۇق شاخلىرىنىڭ يوپۇرمىقىدىكى يۇمشاق تۈكچىلەر كۆپ بولىدۇ، ھەمدە يېلىم كۆپ ئاجرايدۇ. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ھاۋا كىلىماتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قىش بىلەن يازنىڭ ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋاسى قۇرغاق، تۇپراقنىڭ شورلۇق تەركىبى يۇقىرى، نەملىكى تۆۋەن، ھۆل ـ يېغىن ئاز. كۈز پەسلىدە شەبنەم ۋە قىرو كۆپ. بۇ تەبىئىي ئالاھىدىلىكلەر شىنجاڭدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشقا جايلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ كەندىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كەندىرگە

ئوخشىمايدۇ.

شىنجاڭدا ياسىلىۋاتقان نەشە، تارقىلىش دائىرىسى جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يەكەن، مەكىت، يېڭىسار، مارالبېشى، قاغىلىق، يوپۇرغا، گۇما، كۇچا، بۈگۈر قاتارلىق ناھىيىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ جايلاردا ياسالغان نەشىنىڭ تەركىبىدە روھىي زەھەرلىگۈچ ماددا مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، باشقا جايلاردا ياسالغان نەشە بىلەن پەرقلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلى شىنجاڭدا كەندىر تېرىيدىغانلار 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن، مەخسۇس نەشە ياسايدىغانلار مىڭ كىشىدىن، ئېلىپ ـ ساتىدىغانلارمۇ مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولغان. ھەر يىلى شىنجاڭدا قانچىلىك نەشە ياسىلىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ياسالغان نەشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇنى، قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىر يىل ئىچىدە قولغا چۈشۈرگەن نەشىنىڭ 6 مىليون 499 مىڭ گرامغا يەتكەنلىكىدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا ھىندىستان كەندىرىنى تېرىغىلى بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ جايلاردىن چىقىدىغان نەشىنىڭ تەركىبىدىكى روھىي زەھەرلىگۈچ ماددىنىڭ مىقدارى تۆۋەن بولغاچقا، ياسالغان نەشىلەرنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ چىققان. شۇڭا، بۇ جايلاردا نەشە چېكىدىغانلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ ياسايدىغانلار چىقمىغان. بۇ، شىمالىي شىنجاڭدا ئېلىپ ـ سېتىلىۋاتقان نەشىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا تېرىلغان كەندىر شىنجاڭنىڭ ھاۋا ـ كىلىماتى، تېمپېراتۇرا پەرقى ۋە باشقا تەبىئىي شارائىتلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تېرىلغان كەندىرگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە، شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەندىرى ۋە ياسالغان نەشىنىڭ سۈپىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەشىدىن ئىبارەت بۇ زەھەرلىك چېكىملىك ئاساسەن شىنجاڭدىن بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدۇ. زەھەرنىڭ مەنبەسى جەھەتتە يۇقىرىقىدەك خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى زەھەرلىك چېكىملىك جىنايەتلىرىنىڭ ئىچىدە، نەشىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

(3) نەشىنى ياساش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان، باھاسى ئەرزان، چېكىشكە قولايلىق، بۇ ئالاھىدىلىك باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئوخشاشمايدۇ.

نەشىنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان كەندىر ھەر يىلى ئەتىيازدا تېرىلىپ، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردىكى كۈزلۈك يىغىم بىلەن قوشۇپ يىغىۋېلىنىدۇ. تېرىلغاندىن باشلاپ يىغىۋېلىنغىچە بولغان ئارىلىق 6 ئاي ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۆسۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، گۈل تىزمىسى، ئانىلىق تۈپىدىكى چېچەك ئۈچى، يۇمشاق تۈكچىلىرى، ئۇچىدىكى ئۇششاق يوپۇرمىقى ۋە سۆت پاراشوكى قاتارلىقلارنى ئاپتاپقا سېلىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن، يىغىپ تاسقاپ، توپىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يۇغۇرۇپ مونەكچە قىلغاندىن كېيىن نەشە ياسىلىپ چىقىدۇ. بۇنى ياساش ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئالاھىدە ماشىنا ـ ئۈسكۈنە ياكى قورال ـ سايمان، تېخنىكا كەتمەيدۇ. پەقەت، تاسقاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەلگەك قاتارلىق ئاددىي قوراللار بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. نەشىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان بولغانلىقتىن باھاسىمۇ باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارىغاندا ئەرزان بولىدۇ (ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىشىدىن كېلىپ چىققان خېيىم ـ خەتەر ۋە خام ماتېرىيال قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). شۇنىڭ ئۈچۈن، نەشىنىڭ خەلقئارادىمۇ «كەمبەغەللەرنىڭ زەھەرلىك

چېكىملىكى» دېگەن نامى بار. ھازىر غەرب دۆلەتلىرىدە 6 ئادەمنىڭ خۇمارىنى چىقىرالايدىغان نەشىنىڭ باھاسى 0.6 ئامېرىكا دوللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن. شىنجاڭدا بولسا نەشىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى دەرىجىسىگە قاراپ ھەر بىر گىرامىنىڭ 4 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە ئىكەن. يەنى، 1 ـ دەرىجىلىك نەشىنىڭ 8 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىكى يۇقىرى، يېپىشقاق، روھىي زەھەرلىگۈچى ماددىسى يۇقىرى بولىدۇ) 2 ـ دەرىجىلىك نەشىنىڭ 5 يۈەندىن 8 يۈەنگىچە (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىكى ۋە يېپىشقاقلىق دەرىجىسى 1 ـ دەرىجىلىككە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولۇپ، ئادەتتە دانىچە ھالەتتىكى نەشە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 3 ـ دەرىجىلىك نەشىنىڭ 4 يۈەن (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىك دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئۇۋاق ھالەتتە بولىدۇ) ئەتراپىدا بولغان. نەشىنى چېكىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، موخۇركا، قەغەز ۋە ئوت (سەرەڭگە) بولسىلا چەككىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلدا چېكىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سورۇندىكى بىرگە چېكىشكەن ئادەمنىڭ سانى، نەشە چېكىشتە ئىشلەتكەن قورال ـ سايمان ۋە نەشىنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن، «قاپاق چېكىش» (15 ئادەمدىن كۆپ)، «كالتەك چېكىش» (4 ـ 5 ئادەم)، «نەيكە چېكىش» (موخۇركا چېكىش بىلەن ئوخشاش)، «مەيدىنى قاقلاپ چېكىش» (نەم يەرگە كىچىك ئورەكچە كولاپ، نەشىنى سېلىپ، ئوتتۇرىسى تۆشۈك ياغاچنى ئاستىغا سانجىپ، مەيدىنى نەم يەرگە قاقلاپ چېكىش) دېگەندەك چېكىش ئۇسۇللىرىغا ئايرىلغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەر باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

(4) نەشىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايى ھەرىكەتلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە مەخپىي بولۇپ، كەسىپلىشىش، گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلمەكتە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1991 ـ يىلى قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق نەشىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلىگەندىن باشلاپ، ھەر قايسى جايلار قانۇنغا ئەساسەن نەشە چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە نەشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم دېلولارنى ئارقا ـ ئارقىدىن پاش قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى.

## 2

زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئىچىدە، نەشە ئەڭ كەڭ تارقالغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن تېپىلىدۇ. ئۇ، باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتكە، ئائىلىگە، شەخسكە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى دۆلەتلەر قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق نەشىنى چەكلىگەن. ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا، نەشە ياكى نەشە بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ ساتقان، ئەتكەسچىلىك قىلغانلاردىن 1000 كىلوگىرامدىن ئارتۇق بولغان، تۇنجى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە 10 يىلدىن يۇقىرى، 20 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە 20 يىلدىن يۇقىرى، 40 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى يەنە مەخسۇس زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللاپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى گۇرۇھىنىڭ باش

جىنايەتچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بەرسە بولىدىغانلىقىنى تولۇقلاپ بەلگىلىدى. سىنگاپورنىڭ قانۇنىدا، 500 گرام نەشە ياسىغان ياكى ئەتكەسچىلىك قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. باشقا ئەللەرنىڭ قانۇنلىرىدىمۇ، نەشە چەكلەش توغرىلىق بەلگىلىمىلەر بار.

دۆلىتىمىزدە، 1991 ـ يىلى مەملىكەتلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش مەخسۇس كۈرىشى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1991 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە، مەملىكەت بويىچە زەھەرلىك چېكىملىك جىنايى دېلولىرىدىن 233 مىڭ 404 ى پاش قىلىنىپ، ھەر خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەر قولغا چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 8491 كىلوگرام نەشە بار. شىنجاڭدىمۇ 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ، نەشە چەكلەش خىزمىتىدە خېلى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. لېكىن، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەشتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار، نەشە چەكلەش خىزمىتىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئەمەلىي ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نەشە ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك.

جىنايى ئىشلار قانۇنى، شىنجاڭنىڭ نەشە چەكلەش نىزامى ۋە نەشىگە مۇناسىۋەتلىك دېلولاردا جازا ئۆلچەش قائىدىسى قاتارلىق قانۇن، قائىدىلەر نەشە چەكلەش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىدۇر. ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇشى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىشى، شۇنىڭدەك، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت، ھەر دائىم چەكلىشى، مەلۇم خاتىرە كۈن ياكى مەلۇم دولقۇننىڭ كېلىشىگە قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بولۇپمۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بىرى كۆرۈلسە بىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، نۆۋەتتە شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ، مالىيە كىرىمى جەھەتتە قىيىنچىلىقلار يىلدىن ـ يىلغا روشەن بولماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، زەھەر چەكلەش خىزمىتىگە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شىنجاڭدا، زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچ ۋە ماددىي كۈچ ناھايىتى چەكلىك ئىكەن. زەھەرگە قارشى تۇرۇش ئىلغار، زامانىۋى قورallارغا ۋە تېخنىكىغا، سەۋىيىسى، سۈپىتى يۇقىرى خادىملارغا ئېھتىياجلىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادقا تاقىلىدۇ. يەنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەجبۇرىي تاشلاتقۇزۇش ئورنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىساد كېرەك. زەھەرلىك چېكىملىكنى مەنئىي قىلىش توغرىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش، بۇنى ھەر بىر شەخسكىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئائىلە، مەكتەپ،

جەمئىيەت ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى ئالاقە تورىنى شەكىللەندۈرۈش، مەلۇم قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، نەدە، كىمدە، قايسى ۋاقىتتا مەلۇم بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەدلىيە خادىملىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەتتا ھەر بىر يۇقىرا زەھەر چەكلەش دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ شۇنداقلا ھەر بىر پۇقرانىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇشى زۆرۈر.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، كەندىرنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان بىر خىل ئىقتىسادىي زىرائەت. لېكىن يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى تېرىشنى مەنئىي قىلىپ، «ئىستىخىيىلىك كۈرەش» ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق بولامدۇ؟ كەندىرنى تېرىپ، نەشىنى يۇقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپقىلى بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «زەھەرلىك چەكلەش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايلىق سانلىرى.
3. «شىنجاڭ گېزىتى»، 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاي.
4. «جۇڭگودىكى زەھەر چەكلەشتىن كۆرۈنۈش»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
5. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرلىك قانۇن ـ نىزاملار توپلىمى»، 1980 ـ 1991 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن.
6. «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش بىلىملىرىدىن سوئال ـ جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئىي قىلىش تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
8. «شىنجاڭ نەشىسىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ۋە ئىجتىمائىي زىيىنى»، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ماتېرىيالى.
9. جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالى.
10. ئاقتۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيالى.
11. توقسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ماتېرىيالى.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

1999 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 20 - يىللىق 4 - سان
1999 年 12 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 20 卷第 4 期

# كىتاب بېزىكىنى لايىھىلەش ۋە كومپيۇتېر

ئەكبەر پەيزۇللا*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، كومپيۇتېر ئارقىلىق كىتاب بېزىكى لايىھىلەشنىڭ ئۇقۇمى، ئۇنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**:本文论述借助电脑设计图书装帧与其他学科的关系以及意义。

**Abstract**: This article expounds the concept of designing binding of books with the aid of computers and relation between other subjects and its meaning.

ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ نۆۋەتتە كىتاب بېزىكىنى لايىھىلەش كەسپى بىر مەيدان زور ئىسلاھاتقا دۇچ كەلدى. XIX ئەسىردە كىتاب بېزىكىنى لايىھىلەش شەكلى پەقەت قولدا ياكى ئاددىي ماشىنىدا بېسىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. بېزەك لايىھىسى باسما ماتېرىياللىرىنىڭ سىرتىنى بېزەپ قويىدىغان قوشۇمچە زىننەت دەپلا قارىلاتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن باشلاپ غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مەتبەئەچىلىك سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغاچقا، باسما ماتېرىياللىرىنىڭ بېزىكى لايىھىسىمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلاندى، كىتاب بېزىكى لايىھىسىنىڭ نۇقتىسى يۈزەكىي نەقىش بىلەن بېزەشتىن، كىتابنىڭ ئىقتىدارى، تۈزۈلۈشى ۋە پىششىقلاش تېخنىكىسى تەرەپلىرىدىكى ئۇنىۋېرسال لايىھىگە يۆتكەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىش، بېسىش ساھەسىدە زامانىۋى ئۇسۇلدا بېزەك لايىھىسىنى ئېلىپ بېرىش شارائىتى ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇنلىغان كىتاب بېزەك لايىھىسىنى ئىشلىگۈچى خادىملاردا زامانىۋى بېزەك لايىھىسى لايىھىلەش ئىدىيىسى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يەنىلا XIX ئەسىردىكى بېزەك لايىھىلەش ئۇقۇمى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار كىتاب بېزىكىنى لايىھىلەشتە «رەسىمگە كىتاب ئىسمىنى قوشۇپ قويۇش» قا ئوخشاش ئەتەنىۋى ئەڭ ئاددىي شەكلىنى قوللانماقتا، ھالبۇكى بۇ كىتابخانلىرىمىزنىڭ كىتاب بېزىكىگە بولغان تەلىپىدىن تولىمۇ يىراق تۇرماقتا.

كىتاب بېزىكىنى لايىھىلىگۈچى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ جاھىللىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ سىزىش تېخنىكىسىنى قانداق ئىپادىلەشنىلا ئويلىماستىن بەلكى بېزەك لايىھىسىنىڭ

* ئەكبەر پەيزۇللا: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) نىڭ گۈزەل - سەنئەت كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى.

بىر پۈتۈنلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، لايىھەنىڭ تەسىرچانلىقىنى، تارقىلىشچانلىقىنى، باسما ماتېرىياللىرىنىڭ كۆركەملىكىنى، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشىنى، شۇنداقلا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ تەننەرخىنىڭ ئىمكان قەدەر تۆۋەن بولۇشىدەك ئامىللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. كىتاب بېزىكىنى لايىھەلەشتىن ئىبارەت يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان لايىھە پېنى — ئۇنۇم ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، ماتېرىيال ئىلمى، باسما ئىلمى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىلىملەرنى بىلمىگەندە، كىتاب بېزىكى لايىھە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس.

سەنئەت بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ بىرلىكى — تارىخنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. كىتاب بېزىكىنى لايىھەلەش كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ يەتكۈزۈشى ئىچىدە بولۇپ، گۈزەل سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئىلمىيلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بېزەك لايىھىسى بىلەن پەن - تېخنىكىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، ھەر خىل شەكىللىك ئوبيېكتلارنى توغرا كۆزەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گېئومېترىيە كىتاب بېزىكى لايىھىسىدە ناھايىتى ياخشى قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە، گېئومېترىيىلىك ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ، قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار سەنئەت ئوبرازلىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كىتاب بېزىكىنى لايىھەلىگەندە، ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بېزەكچانلىقى بىلەن سەنئەتنىڭ شەكىلچانلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېئومېترىيىلىك كۆز قاراشنى، پەقەت بىر خىل شەكىل كۆز قارىشى دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر خىل رەڭ كۆز قارىشى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ھازىر دۇنيادا ئېقىۋاتقىنى «مىگسىبېر رەڭ - قوللانمىسى» (ئامېرىكا) بىلەن «PCCS» رەڭ بېزەش سىستېمىسى (ياپونىيە) بولۇپ يەنىلا گېئومېترىيىلىك توچكىلاردىن ھاسىل بولغان رەڭلەرنىڭ ئۆز ئارا مايىللىقى، رەڭلەرنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسى، رەڭلەرنىڭ ساپلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بەلگىدىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەڭ مەنتىقىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ رەڭ سىستېمىلىرى ھۈنەر سەنئەتتە، ئەلۋەتتە بېزەكچىلىك سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىزگە تېخىمۇ كەڭ رەڭ بوشلۇقىنى ئېچىپ بەردى. گېئومېترىيىلىك قاراش ھازىرقى زامان بېزەك لايىھىسىدىكى ئاساسىي كومپازىتسىيە (ئورۇنلاشتۇرۇش) قارىشى ھېسابلىنىدۇ. كومپازىتسىيە تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىككى ئۆلچەملىك تەكشىلىكتىكى گېئومېترىيىلىك بۆلۈنمە بولۇپ ئۇ تاناسىپلىق بۆلۈنمە، شەكىللىك بۆلۈنمە، ھەسسىلەنمە بۆلۈنمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ پاراللېل، تەكشى، ئېنىق - غۇۋا، بوشلۇق، ھەرىكەت قاتارلىق بىر قاتار گۈزەل شەكىل ھالەتلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىتاب بېزىكىنى لايىھەلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە رەسىم سىزىش تېخنىكىسىغىلا تايىنىپ قالماي يەنە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىغا تايىنىش، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۈزلۈكسىز ئىگىلەپ مېڭىش تېخىمۇ زۆرۈر.

كومپيۇتېرنى بەلگە قىلغان يۇقىرى پەن تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشى لايىھەلەشتىمۇ يېڭى بىر تېخنىكا ئىنقىلابىنى قوزغاپ، كىتاب بېزىكىنى لايىھەلەشكە زور ئىسلاھ پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ھازىرقى زامانچە بېزەك لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ دائىرىدە تەتقىق ئېلىپ بارماقتا، ئىزدەنمەكتە. بۇ يېڭى يول ئېچىشتىكى بىر باسقۇچ. كومپيۇتېرنىڭ قوللىنىلىشى ئۆتكەنكىدەك تەكرار كېسىپ چاپلاش، ھەممىنى قولدا سىزىشتەك قالاق ئۇسۇللارغا خاتىمە بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى لايىھىلىگۈچىلەر كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن كىتاب مۇقاۋىلىرىنى لايىھەلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرلىرىنى تولۇق

جارىي قىلدۇرماقتا. ئىلگىرى مۇقاۋىلارنى بولۇپمۇ نۇقتىلىق كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىنى لايىھىلەشتە، لايىھىلىگۈچى لايىھىلىگەن مۇقاۋىلىرىنىڭ باسما ئۈنۈمىنى ئالدىن كۆرەلمەيتتى. پەقەت مۇقاۋا نۇسخىسى بېسىلىپ چىققاندىن كېيىنلا تۈزىتىش ئېلىپ باراتتى. ھازىر كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇقاۋىلارنى لايىھىلىگەندە، بېسىپ چىقىرىپ بېرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بېسىپ چىقىرىپ بېرىشى ئارقىلىق، رەڭلىك لايىھىلىك چوڭ كىچىك رەڭلىك باسما ئۈنۈمىنى ئالدىن ئەينەن كۆرۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئاپتور، تەھرىرلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىشقىمۇ قولايلىق تۇغۇلدى. ئاپتور، مەسئۇل تەھرىرلەرمۇ ئالدىن ئۆز كىتابلىرىنىڭ روشەن، ئېنىق رەڭلىك مۇقاۋا نۇسخىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. كومپيۇتېرنىڭ تەكرار ئىشلەش ئىقتىدارى بولغاچقا، تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتكىلى، قايتا ئىشلىگىلى بولىدۇ. بېزەك لايىھىسىدە كومپيۇتېرنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىدىكى ماتېرىياللارنى ئۈزلۈكسىز تەھرىرلەپ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، يەنە ھەر خىل خەت نۇسخىلىرىدىن تارتىپ نەقىش، شەكىللەرگىچە بۇرۇن ھېس قىلالمىغان ھەر خىل ئۈنۈملەرنىمۇ چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بېزەك لايىھىلىگۈچىلەر تەپەككۇرىنىڭ بىر خىل ئازاد قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بېسىش ھالقىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن بېسىشنىڭ ئىش ھالقىلىرى ئازايدى ۋە ئاددىيلاشتى. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە لايىھىلىگۈچىلەر بىلەن تېخىمۇ زىچ ماسلاشقۇسى. شۇنداق بولغاندىلا، كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى قىسقارتىلىپ، تېز سۈرئەتتە سۈپەتلىك، نەپىس كىتابلارنى نەشر قىلىپ، يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر جەمئىيىتىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى نەشرىياتلاردا كومپيۇتېر بىلەن كىتاب مۇقاۋىلىرىنى لايىھىلەشنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇپ، كىتاب مۇقاۋىلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە چوڭ سەكرەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر، نەپىس كىتابلارنى نەشر قىلىشتا چوقۇم ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئۇچۇر دەۋرىدە ئالغا باسماقتا، پەن ـ تېخنىكا ئۈزلۈكسىز يېڭىلانماقتا، كىتابلارنىڭ شەكىللىرىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. مەسىلەن، «سىنلىق ۋە ئاۋازلىق كىتاب»، «سىترولۇق كىتاب»، «مىكرو كىتاب»، «قارتا كىتاب»، «ئاۋاز چىقىرالايدىغان كىتاب»، «ئاڭلىغىلى بولىدىغان كىتاب»، «سۇغا چىداملىق كىتاب»…… قاتارلىقلار.

كەڭ خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب بېزەكنى لايىھىلىگۈچىلەر چوقۇم ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىشى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەتراپلىق پۇختا ئىگىلىشى، ئۈزلۈكسىز يېڭى تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىپ جەمئىيەت ۋە بازارلارنى تەتقىق قىلىشى، چۈشىنىشى جۈملىدىن كومپيۇتېردىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا يېپ ـ يېڭى، كۈچلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە، مىللەت ۋە دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر، نەپىس بېزەك ئەسەرلىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830001)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا......... ئىسمائىل نىياز (1 ـ سان 1 ـ بەت)

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە كادىرلار ئىشلىرى نەزەرىيىسى ھەم كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەققىدە...... ئەنۋەر يەھيا (1 ـ سان 8 ـ بەت)

قوللانمىلىق پەلسەپە توغرىسىدا ......... ئابدۇللا ئىسمائىل (1 ـ سان 11 ـ بەت)

جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىي دەرسىنى ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىسى توغرىسىدا......... مۇھەممەت توختى (1 ـ سان 17 ـ بەت)

ئالىي مەكتەپلەردە يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە......... مۇھەممەتجان توختى (1 ـ سان 23 ـ بەت)

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق تەربىيە ئوقۇتۇشى توغرىسىدا......... ياقۇپجان باۋدۇن (1 ـ سان 28 ـ بەت)

ئىلمىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ خەلقئارا مۇھىتى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا......... مۇھەممەتجان توختى، مۇسا روزى (2 ـ سان 1 ـ بەت)

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە......... تۇرسۇن قادىر، ئامىنە (2 ـ سان 9 ـ بەت)

ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا......... مۇھەممەتجان موللامەت (2 ـ سان 18 ـ بەت)

دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ئادەمنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە......... رەھمەتجان ئەخمەت (2 ـ سان 21 ـ بەت)

«ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا......... ئىسمائىل نىياز (3 ـ سان 1 ـ بەت)

جۇڭگو ئىنقىلابى ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە مۇلاھىزە......... پەخرىددىن ئىمىن (3 ـ سان 8 ـ بەت)

ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ......... سائادەت سايىم (3 ـ سان 14 ـ بەت)

ئىبن سىنانىڭ روھىيەت پەلسەپىسى توغرىسىدا......... ئابلىمىت ئۆمەر (3 ـ سان 57 ـ بەت)

دېڭ شياۋپىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مېتودولوگىيىلىك پىرىنسىپلار ......... ئابدۇۋەلى ھامۇت (4 ـ سان 1 ـ بەت)

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە ئۇنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا......... مۇسا روزى (4 ـ سان 9 ـ بەت)

جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى تەڭرىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئىدىيىسى ھەققىدە......... تۇرسۇن ئەمەت (4 ـ سان 56 ـ بەت)

دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسىدا.........
......... ئىسمائىل تۆمۈرى (1 ـ سان 32 ـ بەت)
ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى.........
......... نۇرمۇھەممەت زامان (2 ـ سان 26 ـ بەت)
ئابدۇللا ھاپىز ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە.........
......... ئەنەيتۇللا قۇربان (3 ـ سان 17 ـ بەت)
يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا.........
......... ئابدۇكېرىم رەھمان (4 ـ سان 17 ـ بەت)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئىلىم ـ ھېكمەتكە دائىر بايانلار توغرىسىدا.........
......... قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى (1 ـ سان 43 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىلىم ـ پەنگە دائىر بايانلار ھەققىدە.........
......... جۇرئەت جامالىددىن (1 ـ سان 49 ـ بەت)
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىملىق ۋە نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ......... داۋۇت سايىم (1 ـ سان 55)
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك چوڭ شەھىرى — بېشبالىق توغرىسىدا.........
......... غاپپار روزى (1 ـ سان 64 ـ بەت)
XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان چەتئەلپەرەسلەرگە قارشى كۆرەشلەر ھەققىدە ......... ئابدۇغېنى قۇربانھاجى (1 ـ سان 75 ـ بەت)
گۆھەر زېمىن ـ شىنجاڭ (9 ـ چۆچەك شەھىرى).........
......... مۇھەممەت ئوسمان (2 ـ سان 39 ـ بەت)
گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (10 ـ ئالتاي ۋىلايىتى).........
......... مۇھەممەت ئوسمان (4 ـ سان 30 ـ بەت)
ئۇيغۇر فولكلورىدىكى قىزىل رەڭ ۋە ئاياللار.........
......... قەلبىنۇر مۇھەممەت (2 ـ سان 53 ـ بەت)
غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە.........
......... ئابدۇقەييۇم مۇسا (2 ـ سان 58 ـ بەت)
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش.........
......... قاسىم ئارىش (3 ـ سان 28 ـ بەت)
ئىپتىدائىي زورو ئاستىر دىنى ۋە ئۇنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىزلىرى.........
......... مۇھەممەت يۈسۈپ تاھىر، ساۋۇت ئابدۇخالىق (3 ـ سان 44 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك» تىكى چۈش تەبىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.........
......... ئابدۇرىشىت ئابدۇرەھمان (3 ـ سان 51 ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان» ۋە شامان دىنى.........
......... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (4 ـ سان 45 ـ بەت)
شىنجاڭدا نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە.........
......... رازىيە مۇھەممەت (1 ـ سان 134 ـ بەت)
بازار ئىگىلىكى ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۈستىدە مۇھاكىمە.........
......... ئابدۇۋەلى ھېمىت، ئوسمان مۇھەممەت (2 ـ سان 62 ـ بەت)
مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەھلىل.........

مۇختار تۇردى ………… (2 ـ سان 71 ـ بەت)
دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رولى توغرىسىدا …………
هېمىت ئېلى ………… (2 ـ سان 76 ـ بەت)
مىقدار بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكى ئومۇمىي مۇلۇكنى ئۇستۇنلۇكتە تۇرغۇزۇشنىڭ ئاچقۇچى
هاجى ياقۇپ ………… (2 ـ سان 80 ـ بەت)
ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ئۈستىدە تەهلىل
ئابلىكىم هەسەن ………… (3 ـ سان 72 ـ بەت)
پاي هەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئالاهىدىلىكى توغرىسىدا …………
ئۆمەر بەكرى ………… (3 ـ سان 80 ـ بەت)
ئۈچۈر كەسپىنى بازار ئىگىلىكي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش هەققىدە ئىزدىنىش …………
نىلۇپەر مۇهەممەتئىمىن ………… (3 ـ سان 85 ـ بەت)
ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى
توغرىسىدا ………… تۇرسۇننىياز ساۋۇر (4 ـ سان 64 ـ بەت)
يۇقىرى ساپالىق شەهەر ئاهالىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا …………
خانقىزئىبراهىم ………… (4 ـ سان 73 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەبچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا …………
تاش رەهمان ………… (1 ـ سان 80 ـ بەت)
ياپون تىلىدىكى كېلىش ياردەمچى سۆزى «に» (ni) هەققىدە …………
شادىيە ئىبراهىم ………… (1 ـ سان 85 ـ بەت)
تېرمىن ۋە تېرمىنولوگىيە توغرىسىدا ………… شېرىن قۇربان (1 ـ سان 89 ـ بەت)
لۇشۈن ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك روھ توغرىسىدا …………
ئابدۇشۇكۇر موللاك ………… (1 ـ سان 101 ـ بەت)
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش هەققىدە …………
سەئىەت هوشۇر ………… (1 ـ سان 107 ـ بەت)
خەنزۇ تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ تەكرارلانما شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا
ئىپادىلىنىشى هەققىدە ………… رەيهان هوشۇر (2 ـ سان 85 ـ بەت)
تىلىمىزدىكى «ئاتالغۇسىراش» نى هەل قىلىشنىڭ بىر قانچە يولى توغرىسىدا …………
يۈسۈف ئىگەم ………… (2 ـ سان 89 ـ بەت)
ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تىياتىرچىلىقى هەققىدە ئىزدىنىش …………
مۇهەممەت ئەيسا جامى ………… (2 ـ سان 97 ـ بەت)
شېئىرىيىتىمىزدىكى تۆتلىك شەكىل بىلەن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا
قۇندۇزئاي هامۇت، نىجات ئېلى ………… (2 ـ سان 107 ـ بەت)
خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئوقۇتۇشتىكى قىيىن نۇقتىلار
هەققىدە تەهلىل ………… رەشىدە هىمىت (3 ـ سان 91 ـ بەت)
ئېنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى توغرىسىدا …………
ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان ………… (3 ـ سان 99 ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قاراشلار هەققىدە دەسلەپكى
ئىزدىنىش ………… مەريەم قۇربان (3 ـ سان 107 ـ بەت)
تېلېۋىزىيە ئېلانى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى توغرىسىدا …………

…………………… …………… ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت (3 ـ سان 115 ـ بەت)
«ئىرق بىتىگ» نىڭ ژانىر تەۋەلىكى ھەققىدە……………………………
……………………………………… ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (3 ـ سان 121 ـ بەت)
«قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر……………………
…………………………………… مۇھەممەت رەھىم سايىت (4 ـ سان 80 ـ بەت)
شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدا………… تۇرسۇن قۇربان (4 ـ سان 94 ـ بەت)
تراگېدىيە ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا
…………………………………… ئابدۇشۈكۈر موللەك (4 ـ سان 104 ـ بەت)
«گۈلۈستان» ۋە «بوستان» توغرىسىدا……… شېرىن قۇربان (4 ـ سان 108 ـ بەت)
جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى «جىنايەتسىز دەپ پەرەز قىلىش» پرىنسىپى توغرىسىدا
……………………………………… ھەسەنجان تۇردى (1 ـ سان 121 ـ بەت)
سودا مەخپىيىتىنى قوغداش ھەققىدە…………… ئەركىن توختى (1 ـ سان 126 ـ بەت)
ئورۇن ئۆتكۈزگەن جىنايەت توغرىسىدا… مۇزەپپەر مۇھەممەت (1 ـ سان 130 ـ بەت)
نىكاھ ـ ئائىلە ساھەسىدە ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە…………
……………………………………… ئالىم قادىر، گۈلباھار نىياز (2 ـ سان 113 ـ بەت)
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى
ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل………… مەخمۇت تۇرسۇن (2 ـ سان 117 ـ بەت)
داۋالاش ھادىسىسى تۇغدۇرۇش جىنايىتى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا…………
……………………… ……… دولقۇن رەۋەيدۇللا، ئالىم قادىر (3 ـ سان 126 ـ بەت)
توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەرنىڭ توختامدا ئاساسلىنىدىغان قانۇننى تاللىشى توغرىسىدا
……………………………………… ئۆمەر مەھمۇت (3 ـ سان 131 ـ بەت)
ئائىلە زوراۋانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە……… نۇرۇنگۈل توختى (3 ـ سان 137 ـ بەت)
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك تۈزۈمىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا… غەيرەت نۇرەخمەت، ئالىم قادىر (4 ـ سان 117 ـ بەت)
شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدا
……… ……………………………… غالىپ ئىسمائىل (4 ـ سان 125 ـ بەت)
رادىئو تەھرىرلىكىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا … ئوسمان ئۆمەر (1 ـ سان 111 ـ بەت)
تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە كىتاب ئۇچۇرى…… ئابلىمىت قادىر (1 ـ سان 116 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا…………
…………………………………… تۇرسۇن توختى ئاتاۋۇللا (2 ـ سان 123 ـ بەت)
ساپا مائارىپى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى……………………………
…………………………………… گۈلزەپەر مۇھەممەت (2 ـ سان 128 ـ بەت)
ژۇرنال باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا…………………
…………………………………… ئادالەت ئۆمەر، قادىر رەھمان (2 ـ سان 132 ـ بەت)
ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە…………
…………………………………… ساۋۇت ئاۋۇت (2 ـ سان 136 ـ بەت)
تەھرىرلىك سەنئىتى توغرىسىدا …………… ماھىنۇر جارى (2 ـ سان 138 ـ بەت)
كىتاب بېزىكىنى لايىھەلەش ۋە كومپيۇتېر … ئەكبەر پەيزۇللا (4 ـ سان 133 ـ بەت)
ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى…… (4 ـ سان 136 ـ بەت)

**Journal of Xinjiang University**

**(Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)**

№. 4. 1999(**Total**:80)

# Contents

The Characteristics of Deng Xiao ping's Philosophical Thingking and the Principle of Methodology ······················································ Abduweli Hamut

On Comprehensive National Power and the Meaning of Strengthening Comprehensive National Power ························································ Musa Rozi

The Great Medical Scholar Ibin Sina —Pride of Silk Road Culture ·····································································Abdukerim Rahman

Xinjiang —Treasure —land《The Altai Area》. 10 ··········· Muhammat Osman

Uighur Folk Narrative Poem 《Akulambardihan》 and Saman Religion ·····································································Abdubasir Xukuri

On Thought of Heaven and Man in China's History of Philosophy ·····································································Tursun Amat

On the Production of Eurodollars and Their Effect Produced on World Economics ································································ Tursunniyaz Sawur

On the Necessity of Trainimg Townspeople with High Qualities ·····································································Hankiz Ibrayim

The Most Important Characteristics of the language in 《Kissasul Anbiya》 ·····································································Muxammat Rexim Sayit

On Charm of Poems ··················································· Tursun Kurban

On the Position of Tragedy literature in China's Contemporary literature ·····································································Abduxukur Mollak

On《Garden of Roses》 and 《Orchard》 ································· Xiren Kurban

On Improvement of Minority Couples' Property System m Autonomous Region ····················································· Gairat Nurahmat, Alim Kadir

On the Characteristics of Taking Drugs Case and Measures to Prohibit Narcotics ·····································································Halip Ismayil

Graphic Design of Books and Computer ···························· Akbar Paizulla

ВЕСТНИК СИНьЦЗАНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА
(Трёхмесячный журнал философии-общественнойнауки на уйгурском языке)
№. 4. 1999г(обшийN°80)

# Содержание

Особенность философической идеи Ден СяоПина и принципиальная метолодия ······ ······ Абдували Хамут
Обслужевание о компилексной силе страны и усиление её значения ······ Муса Рози
Гордость културы шёлького пути — великий медик Ибин Сина ······ Абдукерим Рахман
Прекрасный край----Синь Цзань(Алтайскийрайон)часть. 10 ······ Мухаммат Усман
Уйгурская народная поэзия(Акуламбардихан) и Шаманизм ······ Абдубасир Шукури
Обслужевание о мысли Бога в истории философии Китая ······ Турсун Амат
Появление Европиского доллара и его влияние на мировую экономику ······ Турсунния Савур
Важность воспитании высокого качества городских жителей ······ Ханкиз Ибраим
Важные особенности языков в легенде предков ······ Мухаммадреим Саит
Об очаровании поэма ······ Турсун Курбан
О важном положении трагической литературы в Китайской современной литературе ······ Абдушукур Моллэк
《Сад розы》 и 《Фруктовый сад》 ······ Ширин Курван
Совершенство система об имуществах супругов нацменов в нашем районе ······ Гайрат Рахмат, Алим Кадыр
Преступление наркоманов и меры запрещения его в Синь Цзане ······ Галип Исмаил
Проект оформлении книг и компютер ······ Акбар Пайзулла

# «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز

## ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

دەۋرنىڭ قەدەم تىۋىشى 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، قەدىناس دوستىڭىز «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ سەممىي تىلىكىنى قوبۇل قىلغايسىز. 2000 ـ يىلىدىكى ھەمكارلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى.

گېزىتىمىز 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن 16 يىللىق چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. بۇ 16 يىلدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ گېزىتىمىزگە بولغان قوللىشى ۋە قەدىرلىشىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ كەلمەكتىمىز. بۇ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭدا ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتە تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە چەكسىز ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە رەھمەت ئېيتىمىز.

21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ گېزىتىمىز يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ.

گېزىتىمىز ھەم ئورگان گېزىتى خاراكتېرىگە، ھەم كەچلىك گېزىت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كۈندىلىك چوڭ گېزىت. بۇ يىل بىز يەنىمۇ ئىرشىپ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى زور ئېقىم مەسىلىلىرى، ئاپتونوم رايونىمىز، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى قاتارلىقلارغا دائىر تەشۋىقاتنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى دۇنيادىكى چوڭ ئىشلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىمىز.

گېزىتىمىز بەتلىرىدە ئىجتىمائىي خەۋەرلەرنى كۆپەيتىپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساداسى ۋە تەلىپىنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تەسىر كۆرسىتىش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز.

مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خەۋەرلىرى گېزىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۈستۈنلۈكى بولۇپ، بىز پۈتۈن مەملىكەت، ئاسىيا قىتئەسى، ھەتتا خەلقئارالىق چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى، مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ھەم مەدەنىيەت، تەنتەربىيە چولپانلىرى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ۋاقتىدا ئومۇميۈزلۈك خەۋەر قىلىمىز.

گېزىتىمىزدە يەنە «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا» دېگەن ئېمدا مەخسۇس بەت تەسىس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زور ئاخبارات ۋەقەلىكى، ئىقتىساد، تاۋار ئۇچۇرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن ئاخبارات مەنبەسى تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

گېزىتىمىزنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئىككى فورمات، تۆت بەتلىك بولۇپ، بىر سانىنىڭ باھاسى 18 پۇڭ. خەنزۇچىسى تۆت فورمات، 16 بەتلىك بولۇپ، باھاسى 30 پۇڭ. باھاسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ تۆۋەن.

2000 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، گېزىتىمىز ئۆزىمىز تارقىتىش ۋە پوچتىدىن تارقىتىشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك تارقىتىشنى يولغا قويىدۇ. شەھەر رايونىدا ھەر كۈنلۈك گېزىت ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا شۇ كۈنى يەتكۈزۈلىدۇ.

سىزنىڭ پوچتا ئىدارىلىرىگە ياكى گېزىتىمىزنىڭ ھەر قايسى تارقىتىش پونكىتلىرىغا بېرىپ 2000 ـ يىللىق «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە گېزىتلەرنىڭ پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىش ۋاكالەت نومۇرى: 31 ـ 57، 30 ـ 57، دۆلەت ئىچىدىكى نومۇرى CN65—0031/—W

مۇشتەرى بولۇش ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 2623448 (كەچلىك گېزىتى تارقىتىش بۆلۈمى)

ئۇيغۇرچە گېزىتنى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 2628478

«تيانشان» رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 2628456

سايباغ رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 5846857

يېڭىشەھەر رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 6623543

تۇدۇڭخابا رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 3107387

شىمگو رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 4644850

دۇڭخەن رايونىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 6808842

سانجىدىكى تارقىتىش پونكىتىنىڭ: 2332054 ـ 0994

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# پروفېسسور ئازاد سۇلتان

## 阿扎提·苏里坦教授



ئازاد سۇلتان، ئەر، ئۇيغۇر، 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ، قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغان. 1973 ـ يىلى ئۆزى ئوقۇغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىنىپ 1978 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلى دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تىيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1982 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ھازىرغىچە مەزكۇر فاكۇلتېتتا ئوقۇتۇش ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇنىڭ «بوران چاپقۇندا»، «ئۆلگەن بۆغا» ناملىق ھېكايىلىرى 1973 ـ يىلى، 1983 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. مۇپاسساننىڭ «چىرايلىق دوست» رومانىنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ئاز بولمىغان پوۋېست، ھېكايە، نەسرىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغان. «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ تەرجىمە ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. «ئالىي مەكتەپلەر ئەدەبىياتى» ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىق تويىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» نىڭ باش تۈزگۈچىسى بولغان. «جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» كىتابىنى تۈزگەن.

ئازاد سۇلتاننىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ مەسئۇل بولغان دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 6 ـ بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1994 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇ يازغان «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ئەسەر 1997 ـ يىلى نەشر قىلىندى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ كىتاب جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە مەملىكەتلىك 6 ـ قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 7 ـ بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تەتقىقاتى 1998 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا يېزىلغان 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئوبزورى «مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئېلىمىز ۋە قازاقىستان قاتارلىق جايلاردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بۇ ھەقتە ئوبزورلار يېزىلىپ ياخشى باھالار بېرىلدى. ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى 1990 ـ يىلى ۋە 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بىر پارچە ماقالىسى 3 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر ئوبزور» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئازاد سۇلتان تا ھازىرغىچە دەرس مۇنبىرىدىن چۈشمەي ئىزچىل دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە «جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى»، «ئېستېتىكا» قاتارلىق تولۇق كۇرس دەرسلىرىنى ۋە ئاسپىرانتلارغا «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پەن قۇرۇلۇشى»، «يازغۇچىلار ھەققىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ۋە كۆپ قېتىملىق ياش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت كۇرسلىرىدا لېكسىيىلەر بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ، كۇرسانتلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

ئازاد سۇلتان يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پرافېسسورى ۋە فاكۇلتېت مۇدىرى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى نۇقتىلىق كەسپىنىڭ يېتەكچىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

主　　编：尼加提·艾合买提江
副 主 编：吐尔逊·吾守尔
本期执行编辑：乌斯满·穆罕默德

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维吾尔文版）
（季　刊）
（1980年创刊）
第20卷第4期1999年12月

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

（پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى）
（پەسىللىك ژۇرنال）
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
1999 - يىللىق 4 - سان（20 - يىلى نەشرى）

---

主办单位：乌鲁木齐胜利路14号　新疆大学
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：自治区党委办公厅文印中心印刷厂
国内发行：乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005－5878
国内统一刊号：CN 65－5002/C－W
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
（ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر）
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭ ھۆججەت بېسىش
مەركىزىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005－5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65－5002/C－W
پوچتا نومۇرى: 830046

---

定价：3.00元　　باھاسى: 3.00 يۈەن　　国内代号：58－13　　ۋاكالەت نومۇرى: